# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال    2003 - يىل 2 - سان


## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا

ئايالالار.................... رىزا ئۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن (1)

بۇلبۇل ئىپتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما.................... ئۆمەرجان سىدىق (8)

## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

تۆھپىكارلارغا مۇبارەك.................... ھېيتەم ھۇسەيىن (18)

ئۆتمۈشىمىزنىڭ يارقىن خاتىرىسى.................... قۇربان ئابلىمىت (62)

## ئادەت قىرىماس

ئۇيغۇرلاردا خەتنە مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى.......... ئەنۋەر سەمەد (20)

چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەشرەپلىرى....................

.................... تەييارلىغۇچىلار: ئا. ئىمىن، مەريەم مەمەت (53)

## بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا

ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات....................

.................... تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (24)




(ئومۇمىي 76 - سان)


باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

تەھرىرات باشلىقى:

**بەختىيار باھاۋۇدۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

باھاسى: 4.00 يۈەن

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايـ-
لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر
بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق
چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنۇتماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

قەشقەر ئادەتلىرى........................ ئە. ك. ئىلكۆل (28)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

خەير ـ خوش، خوتەن قەغىزى........................................ (37)
تارىخ، ئۇ بىر ماياكتۇر........................................ (64)
پەرىشتىنىڭ كۆزى........................................ (67)
ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىلىرىدە ........................................ (70)
ديانەت........................................ (78)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە ـ زارى .......... چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف (40)
ئىدىقۇتتىكى ھايات سۈلىرى ئۈزۈلمىگەي .......... ئۆمەرجان سىدىق (72)

## ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ

ھەيرانىمەن........................ توختى باقى ئارتىشى (57)

## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار........................................ (68)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «كۆك مەشرىپى» (ئابدۇشۇكۇر كېرەم سىزغان)

تېكىستلەردىكى فوتو سۈرەتلەرنى پولات خوجا قاتارلىقلار تەمىنلىگەن



# ئايالللار

رىزائەددىن ئىبىن فەخرۇددىن



ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىنى تۈزەتمەك زۆرۈر بولسا، ئەڭ ئاۋۋال گۈزەل خۇلۇقفا ئىگە قىلىش بىلەن ئائىلىلەرنى تۈزىتىڭلار، ئائىلىلەر تۈزەلگەندىن كېيىن دۇنيا تۈزىلىدۇ.

## يولداش

ئەي باللار، دېڭىزلاردىكى كېمىلەردە، قۇرۇقلۇقتىكى تۆمۈريوللاردا، ماشىنا ھەم ھارۋىلاردا يۈرگۈچىلەر تولىمۇ ئالدىراشتۇر. لېكىن شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ تاماق يەر، چاي ئىچىدۇ، ياتىدۇ، ئۇخلار، تۇرىدۇ، ئوينار، كۈلىدۇ، قايغۇرىدۇ ۋە كۆز يېشى تۆكىدۇلەر. بۇنداق ھاللارنى كۆپ-لىرىڭلار ئۆز كۆزىڭىزلەر بىلەن كۆرگەندۇرسىزلەر، كۆر-مىگەنلىرىڭىز كۆرگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلگەندۇرسىزلەر.

بۇ كۈنلەردە شەھەرلەردىلا ئەمەس، قىشلاقلاردىمۇ تۆمۈر يوللاردا، كېمىلەردە يۈرمىگەن ئادەملەر ئازدۇر. كۆپلىگەن خوتۇن - قىزلار، شۇنداقلا ياش باللارمۇ ئاز-دۇر - كۆپتۇر بولسىمۇ شۇنداق سەپەرلەردە بولىدۇ.

يىراق سەپەرگە چىققان ئادەملەر ئۆزلىرىگە قولاي بولغان بىر يولداش بىلەن بىللە چىقار. ئەگەر ئۆيدىن چىققاندا لايىق يولداش تېپىلمىسا، پاراخوت ۋە تۆمۈر يول ۋاگونىغا كىرگەندىن كېيىن بىرەر يولداش تاپار ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ.

## دۇنيا سەپىرى

يەر يۈزىدە ياشىغۇچى ئادەملەر ۋە باشقا ھايۋانلار ھەر بىرى بىر ياققا قاراپ سەپەرگە چىققاندۇر ۋە توختاۋسىز ھەرىكەتتىدۇر. ئۇلار گاھ يەپ - ئىچىسۇن، گاھ ئۇيقۇدا، گاھ ئويغاق بولسۇن، كېمە ۋە تۆمۈر يول ۋاگونلىرىدا بولغانلار كەبى ھەمىشە سەپەردىدۇر. ئالدىلىرىدا يىراق كۆرۈنگەن نەرسىلەر سائەت - سايىن يېقىنلاپ تۇرىدۇ، يېڭىلا ئارقىدا قالغان نەرسىلەر ناھايىتى يىراقتا قالغان بولىدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن كىشىلەر ئەتراپ-لىرىغا قارىسۇن. شۇل ۋاقىتتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى - كې-يىن سەپەردە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىدۇر. ياشلار، چوڭ بولۇۋاتقانلار، قېرىلار دۇنيادىن ئۆتۈۋاتقانلار، دۇنيادىن ئۆتكەنلەر، دۇنياغا كېلىۋاتقانلار، دۇنياغا كەلگەنلەر ئۆ-سۈپ مەكتەپلەرگە بېرىشقا باشلىغانلاردۇر.

باللار دۇنياغا كەلگەندە ھېچ نەرسىنى بىلمەس، بىرەر ئىشقىمۇ كۈچى يەتمەس. كېيىن بولسا ئولتۇرۇشقا باشلار، كۈلىدۇ، ئوينار ۋە مېڭىشقا باشلار. چىشلىرى چە-قىپ مەكتەپكە بارار، ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىنەر، ئۆيلە-نەر، ئاتا - ئانا، كېيىن موما - بوۋا بولىدۇ. چاچلىرى ئاقە-رىپ، چىشلىرى چۈشەر. بەللىرى مۈكچىيەر، كۈچلىرى

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايـ لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانـداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شـەـ ھىرى دوستلۇق جەنۇبـي يـولى 22ـنومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلـ گەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمـايـدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىـ ڭىزنى ئەسەر كەينىگە قـوشـۇپ يېزىشنى ئۇنۇتماڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبـي يـولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەـ بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسـ نىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

قەشقەر ئادەتلىرى.................................... ئە. ك. ئىلكۆل (28)

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

خەير ـ خوش، خوتەن قەغىزى.................................... (37)

تارىخ، ئۇ بىر ماياكتۇر.................................... (64)

پەرىشتىنىڭ كۆزى.................................... (67)

ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىلىرىدە .................................... (70)

ديانەت.................................... (78)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى .......... چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف (40)

ئىدىقۇتتىكى ھايات سۇلىرى ئۈزۈلمىگەي .......... ئۆمەرجان سىدىق (72)

### ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ

ھەيرانىمەن.................................... توختى باقى ئارتىشى (57)

### كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.................................... (68)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «كۆك مەشرىپى» (ئابدۇشۈكۈر كېرەم سىزغان)

تېكىستلەردىكى فوتو سۈرەتلەرنى پولات خوجا قاتارلىقلار تەمىنلىگەن



# ئاياللار

رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن

ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىنى تۈزەتمەك زۆرۈر بولسا، ئەڭ ئاۋۋال گۈزەل خۇلۇققا ئىگە قىلىش بىلەن ئائىلىلەرنى تۈزىتىڭلار، ئائىلىلەر تۈزەلگەندىن كېيىن دۇنيا تۈزىلۇر.

**يولداش**

ئەي باللار، دېڭىزلاردىكى كېمىلەردە، قۇرۇقلۇقتىكى تۆمۈريوللاردا، ماشىنا ھەم ھارۋىلاردا يۈرگۈچىلەر تولىمۇ ئالدىراشتۇر. لېكىن شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ تاماق يەر، چاي ئىچۇر، ياتۇر، ئۇخلار، تۇرۇر، ئوينار، كۈلۈر، قايغۇرۇر ۋە كۆز يېشى تۆكۈرلەر. بۇنداق ھاللارنى كۆپ-لىرىڭلار ئۆز كۆزىڭىزلەر بىلەن كۆرگەندۇرسىزلەر، كۆرمىگەنلىرىڭىز كۆرگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلگەندۇرسىزلەر.

بۇ كۈنلەردە شەھەرلەردىلا ئەمەس، قىشلاقلاردىمۇ تۆمۈر يوللاردا، كېمىلەردە يۈرمىگەن ئادەملەر ئازدۇر. كۆپلىگەن خوتۇن-قىزلار، شۇنداقلا ياش باللارمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر بولسىمۇ شۇنداق سەپەرلەردە بولۇر.

يىراق سەپەرگە چىققان ئادەملەر ئۆزلىرىگە قولاي بولغان بىر يولداش بىلەن بىللە چىقار. ئەگەر ئۆيدىن چىققاندا لايىق يولداش تېپىلمىسا، پاراخوت ۋە تۆمۈر يول ۋاگونىغا كىرگەندىن كېيىن بىرەر يولداش تاپار ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇر.

## دۇنيا سەپىرى

يەر يۈزىدە ياشىغۇچى ئادەملەر ۋە باشقا ھايۋانلار ھەر بىرى بىر ياققا قاراپ سەپەرگە چىققاندۇر ۋە توختاۋسىز ھەرىكەتتىدۇر. ئۇلار گاھ يەپ-ئىچىپ، گاھ ئۇيقۇدا، گاھ ئويغاق بولسۇن، كېمە ۋە تۆمۈر يول ۋاگونلىرىدا بولغانلار كەبى ھەمىشە سەپەردىدۇر. ئالدىلىرىدا يىراق كۆرۈنگەن نەرسىلەر سائەت-سايىن يېقىنلاپ تۇرۇر، يېقىنلا ئارقىدا قالغان نەرسىلەر ناھايىتى يىراقتا قالغان بولۇر.

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن كىشىلەر ئەتراپلىرىغا قارىسۇن. شۇل ۋاقىتتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىر-كېيىن سەپەردە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلۇر. ياشلار، چوڭ بولۇۋاتقانلار، قېرىلار دۇنيادىن ئۆتۈۋاتقانلار، دۇنيادىن ئۆتكەنلەر، دۇنياغا كېلىۋاتقانلار، دۇنياغا كەلگەنلەر ئۆسۈپ مەكتەپلەرگە بېرىشقا باشلىغانلاردۇر.

باللار دۇنياغا كەلگەندە ھېچ نەرسىنى بىلمەس، بىرەر ئىشقىمۇ كۈچى يەتمەس. كېيىن بولسا ئولتۇرۇشقا باشلار، كۈلۈر، ئوينار ۋە مېڭىشقا باشلار. چىشلىرى چىقىپ مەكتەپكە بارار، ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىنەر، ئۆيلىنەر، ئاتا-ئانا، كېيىن موما-بوۋا بولۇر. چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشەر. بەللىرى مۈكچىيەر، كۈچلىرى

تۈگەر. دېمەك دۇنيا سەپىرىنىڭ مەلۇم چېكى، تۆمۈر يول، سۇ يوللىرىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولۇر.

## دۇنيا سەپىرىدە يولداش

يۇقىرىدا تۆمۈر يول ۋاگونلىرىدا، كېمىلەردە يۈرگۈچىلەرنىڭ بىرەر يولداشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭدەك دۇنيا سەپىرىدە بولغان ئادەملەرمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر يولداشقا موھتاج بولۇر. بۇنداق يولداش تىرىكلىك يولدىشى دېيىلۇر.

بالىلار ئۆسۈپ باشقىلارنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتۈپ ئادەم قاتارىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر تىرىكلىك يولدىشى تاللىماق ئادەتتۇر. تىرىكلىك يولدىشى ئەرلەر ئۈچۈن ئايال ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيانىڭ نىزامى قەدىمدىن ئۇشبۇ رەۋىشتە كەلمىش، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم شۇنداق بولغۇسدۇر. دېمەك، مۇشۇنداق يولداش تۇتماق، ئۆيلەنمەك، خوتۇن ئالماق، ئەرگە تەگمەك، دەپ ئاتىلۇر. خوتۇن ئالماق ۋە ئەرگە تەگمەك دۇنيا سەپىرى ئۈچۈن تىرىكلىك يولدىشى تاللىماق دېمەكتۇر.

تۆمۈريول ۋاگونلىرىدا ۋە كېمىلەردە بولغان يولداشلار بىلەن تىرىكلىك يولدىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى زوردۇر. ئاۋۋالقىسى ۋاقتلىق يولداشتۇر، ئەمما كېيىنكىسى بىر جان، بىر تەن بولىدىغان يولداشتۇر. تىرىكلىك يولدىشى ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ، ھەر تۈرلۈك قايغۇلار، ھەر تۈرلۈك شادلىقلار ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقتۇر.

## نىزام ۋە ئىتائەت

دۇنيادا نىزامسىز ۋە تەرتىپسىز بىرمۇ ئىش يوقتۇر. قۇشلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇۋا ياسايدۇ. بۇ چاغدا ئانا قۇشلارغا ئاتا قۇشلار ياردەم بېرىدۇ. ئانا قۇش ئۇۋىدا بالا چىقارغان ۋاقىتتا ئاتا قۇش سىرتتىن ئوزۇق توشۇپ ئۇنى باقىدۇ. بالىلىرى چىققاندىن كېيىن، ئاتا قۇش بىلەن ئانا قۇش بىرلىكتە بالىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ، بىرلىكتە ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ بىر خىل نىزامدۇر.

چۈمۈلىنى كۆرمىگەن ۋە بىلمەيدىغان بالا يوقتۇر. ئۇشبۇ كىچىك مەخلۇق قىشلىق ئوزۇقىنى ياز كۈنى ھازىرلايدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقى ھەر تۈرلۈك دانلاردۇر. ئۇ قىشقا يېتەرلىك دانلارنى ئۇۋىسىغا يىغىدۇ. دانلارغا سۇ تەگسە كۆكىرىپ بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چۈمۈلىلەر قىشقا ھازىرلىغان دانلارنى قۇرۇق ساقلاشقا، نەم تەگكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئەگەردە بىرەر ئاپەت بولۇپ، نەم تەگسە ئىسسىق ۋە قۇرغاق كۈنلەردە ئۇۋىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، قۇياش نۇرى چۈشكەن يەرگە يېيىپ قۇرۇتىدۇ. قۇرىغاندىن كېيىن ئۇۋىسىدىكى ئامبارغا توشۇپ ئەكىرىدۇ. دانلارنى بىر چۈمۈلىلەر سۆرەشكە كۈچى يەتمىسە، باشقىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. چۈمۈلىلەر دەرھال ياردەمگە بارىدۇ. دان يىغىشتىمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، بىرسى باشاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دان چۈشۈرىدۇ، يەنە بىرى، پەستە ئۇ دانلارنى ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ.

چۈمۈلىلەر ياغاچلاردىكى ئۇششاق ھاشاراتلارنى تۇتۇپ ئۇۋىلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن بال ياسايدۇ. بۇمۇ نىزامدۇر.

چۈمۈلىلەرنىڭ بۇنداق ئىتائەتكارلىقى ھەر خىل جازادىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نىزامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈندۇر. ئەقىللىق ۋە ئىلىملىك مەخلۇقلار ھەر ۋاقىت نىزامغا ھۆرمەت قىلۇر ۋە ئىتائەت قىلۇر.

## ئاياللار

سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىڭىز، بوۋا ـ موملىرىڭىز بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشىپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋاقتىدا بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. بىر ـ بىرىنى سۆيۈر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شادلىق بولسا ئۆزئارا ئورتاقلىشىدۇ. باشقا بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، بوۋا ـ مومىلىرى ھەم شۇنداقتۇر. قۇشلار، چۈمۈلىلەر ۋە باشقا مەخلۇقلار دۇنيادا نىزام بىلەن تۇرغىنىغا ئوخشاش ئاياللارمۇ نىزام بىلەن تۇرىدۇ.

نىزامنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئەھلى ئاياللار ئىچىدە ئۇنى يۈرگۈزىدىغان باشقۇرغۇچىلارنى قويۇش ھاجەتسىز، لېكىن ئۇلار ئۆز ئىنساپلىرى بىلەن بالا ـ چاقىلارغا خاس نىزامنى بەجا كەلتۈرۈشى لازىم. ئىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر نىزامنى باشقىلاردىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى نىزامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنار.

نىزامغا ئىتائەت قىلىشتا زۆرۈر بولغان خىزمەتلەرنى، ۋەزىپىلەرنى بىلىپ تۇرۇش لازىم. ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە تىرىشسىمۇ نىزاملارنى بېجىرەلمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەردە ياش قىز بالىلار، چوڭ قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنى بىلگەن ۋە بەجا كەلتۈرگەن ئەھلى ئاياللار گۈزەل ھايات كەچۈرۈر.

## ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرسىتىش ئەڭ ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىدۇر. ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلغۇچىلار دۇنيادا بەختلىك بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتتە بولۇشنى بارلىق كىشىلەر ئۇلۇغلار.

ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلغان بالىلار كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆزلىرى ئاتا ـ ئانا بولغاندا بالىلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلار ۋە بالىلىرىدىن ھۆرمەت كۆرەر. ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلمىغان بالىلار كىمنىمۇ ھۆرمەت قىلار؟

قانچىلىك بەختكە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولسىڭىزمۇ ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ. ئۇلارغا ئىتائەتمەن بولۇپ ھۆرمەت قىلىڭ، نەسىھىتىنى ئاڭلاڭ، رازىلىقىنى ئېلىڭ، موھتاجلىقلىرى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىڭ. يىراق يەردە بولسا ھەر ۋاقىت خەت يېزىپ، بىر نەرسە ئەۋەتىپ تۇرۇڭ، مۇمكىن بولغاندا بېرىپ يوقلاڭ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ موھتاج بولغان كۈنلىرى قېرىلىق چاغلىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلارغا يەنىمۇ كۆپرەك ھۆرمەت كۆرسىتىش كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋەزىپە بولغانغا ئوخشاش ھەربىر ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشلارنى، مۇئەللىم، ئۇستازلارنى، ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشمۇ ۋەزىپىدۇر. بۇ ۋەزىپىدىمۇ نۇقسان يۈز بەرمەسلىكى كېرەك.

ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئادەملەرگە ئۆزىدىن كىچىكلەر ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئادەم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەجداد ۋە جەمەتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق زور ئەيىبتۇر.

## ياخشىلىق

دۇنيادا راھەتلىك ياشاشنى ئويلىغان ئادەملەر ئەزگۈ نىيەتلىك ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلاردۇر. ياخشى نىيەتلىك ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى قايغۇدىن خالىيدۇر. ئۇلار دائىم راھەتتە ياشاپ دۇنيا كۆرىدۇ.

ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئازابلانمايدۇ.

ئادەم بالىلىرىنى سۆيمەك ۋە قولىدىن كەلگەن قەدەر ئۇلارغا ياردەم قىلماقلىق پاك ئىنسانىي ۋىجدان تەرىپىدىن بۇيرۇلغاندۇر. شۇنداق قىلغانلارغا كىشىلەرنىڭ رەھمىتى ياغار.

تەندىكى ئەزالارنىڭ بىرى ئاغرىسا پۈتۈن بەدەن ئازابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم بالىلىرىدىن بىرىگە قايغۇ ـ ھەسرەت كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھەر بىر ئادەم بىردەك قايغۇرۇپ، ھەسرىتىنى ئورتاقلىششى لازىم. چۈنكى دۇنيادىكى ئادەملەر بىر تەندىكى ئەزالارغا ئوخشايدۇ.

كىشىلەرگە سۆيۈملۈك بولۇشنى ھەر كىم ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتنى ھەر كىم ھېس قىلىدۇ. لېكىن سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ھەر كىم سۆيەر ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن قارار.

## بىلىم ئېلىش

بىلىملىك كىشىلەر مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشار. مېۋىلىك دەرەخ مېۋىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش، بىلىملىك ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىشنى ياش ۋاقىتىدىن باشلاش زۆرۈر.

ئۆتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇپ بولماس، ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىر دۆلەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ قىممەتلىك دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئادەم ئۈچۈن ئىشەنچلىك كامالەت پەقەت ئىلىمدۇر.

ئوقۇغان نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىش، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاش لازىم. ئوقۇشنىڭ پايدىسى پەقەت شۇ چاغدىلا بولىدۇ. ئەكسىچە چۈشىنە ـ چۈشەنمەس ئوقۇشتىن مەنا چىقمايدۇ.

ئادەم ھەم ھايۋان، ھەم ئىنساندۇر. ھايۋانلىقى يېپىشتە، ئىنسانلىقى بولسا ئىلىمدە ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇمىغانلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن پەرقى يوقتۇر. بۇنى ھەر كىم بىلىدۇ.

ئوقۇش ئورۇنلىرى مەكتەپلەردە بىلىم ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە كىشىلەر بىلەن ئارىلىششنى بىلىش، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئۆگىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنى، مۇئەللىمنى سۆيۈش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك.

## پاكىزلىق پاكلىق

قول، يۈز، كىيىم ـ كېچەك، كىتاب ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى كىرسىز، چاڭسىز تۇتۇش پاكىزلىق، پاكلىق بولىدۇ. بۇ نەرسىلىرى كىر كىشىلەردىن ئادەملەر يىرگىنىدۇ، قاچىدۇ.

ئادەملەر پاك بولغان ۋە پاك يۈرگەنلەرنى سۆيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پاكىزلىق ۋە پاكلىققا ياش ۋاقىتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ۋە ئادەتلىنىش لازىم.


پاكلىققا ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئادەت قىلىش زۆرۈردۇر.

پاكىزلىق ۋە پاكلىق ئەڭ ماختاشقا لايىق سۈپەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق. ئەڭ يىرگىنچلىك، ئىپلاس ئادەملەرمۇ پاكىزلىق ۋە پاكلىقنى سۆيىدۇ، ئىپلاس، نىجىس كىشىلەردىن يىرگىنىدۇ.

مەينەت،ئىپلاس ئادەملەرنىڭ گۈزەللىكلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ مەينەت ئادەملەردىن كىشىلەر نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن يۈرۈشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ.

ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق پاكىزلىق ۋە پاكلىقتۇر. بۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇش ۋە ھەر ۋاقىت شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم.

MIRAS



پاكلىق هەر سائەتتە سوپۇن بىلەن يۇيۇنۇپ تۇرماق ئەمەس، هەر كۈنى كىر، قول ۋە باشقا نەرسىلەرنى توختىماي يۇيىماقمۇ ئەمەس، بەلكى هەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ هاجەت ۋاقتىدا يۇيماق، يۇيۇلغان نەرسىلەرنى ساپ پېتى تۇتماقتۇر. ئەكسىچە ئۆردەك كەبى بىر ياقتىن يۇيۇنۇپ، بىر ياقتىن پاتقاقتا ئېغناش پاكلىق ئەمەس.

## گۈزەل ئەخلاق

ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، هۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار بولسا خەلق ئالدىدا قەدىرسىزدۇر.

ئادەم بالىسىنىڭ ياش چېغىدا ئۆگەنگەن ئادىتى مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاقنى ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىش كېرەك.

گۈزەل ئەخلاق هەربىر ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئەخلاقسىز قىزلار خەلق ئارىسىدا ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئەتىۋارلىنمۇ بولمايدۇ.

گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئانىسى هايا بىلەن ئىپپەتتۇر. بىر قىزدا ئەگەر هايا بىلەن ئىپپەت بولسا، گۈزەل خۇلقلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭدا بولغان بولىدۇ.

تەكەببۇر بولماق، يالغان سۆزلىمەك، سۆز توشىماق، ئارسىز، نومۇسسىز بولماق، ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە ئېتىبارسىز قارىماق هاياسىزلىق هەم ئىپپەتسىزلىكتۇر.

## سالامەتلىكنى ئاسراش

ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئۆز تېنىنىڭ سالامەت بولمىقىدۇر. ئادەم بالىسى ئۇشبۇ زور بايلىقنىڭ قەدرىنى كۆپ ۋاقىت بىلمەي ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. تېنى ساغلام بولمىغان ئادەم پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، ئازراق بولسىمۇ راهەت كۆرمەيدۇ. كۆپ كېسەللىكلەرنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇلارنى بىلىپ، ئۆزىنى ئاسرىغۇچىلار كۆپ ۋاقىت سالامەت كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىككە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم. تەن قىزىپ تۇرغاندا سوغۇق سۇ ئىچمەك، تەرلىگەن هالدا سوغۇق هاۋاغا چىقماق، كۆمۈر ئىسى بار يەردە ئولتۇرماق، ياغلىق نەرسىلەرنى هەم گۆشنى كۆپ يېمەك، هاراق ئىچمەك، تاماكا چەكمەك قاتارلىقلار كېسەللىك كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەر ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

تەن ۋە كىيىملەرنى پاكىز تۇتماق، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى پاكىز تۇتماق، يۇيۇنماق، ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلماق سالامەتلىككە پايدىلىق سەۋەبلەردۇر.

ئائىلىدە تۇساتتىن بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قالسا، كېسەلنى كۈتۈشنى بىلمىگەن خوتۇن ـ قىزلار تەمتىرەپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ بىلىش بىلەن بىرگە، كېسەل بولۇپ ياتقانلارنى كۈتۈش ئۇسۇللىرىنى قىزلار بىلمىكى لازىم.

## ئۆيلىنىش ــ نىكاھ

دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەملەر ئەگەر تېنى سالامەت بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك جورا تاللاش زۆرۈردۇر، بۇ هەممە ئادەمگە مەلۇمدۇر.

كىشىلەر بازارغا بارغان چاغلىرىدىمۇ ئۆز يولداشلىرىنىڭ ياخشى، ئۆزىگە يارايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كۆڭلىگە ياقمىغان ئادەم بىلەن بىللە يۈرۈشتىن ساقلىنىدۇ. هالبۇكى، تىرىكلىك يولدىشى بەش ـ ئون چاقىرىم يەردىكى بازارغا بېرىش ئۈچۈن ياكى بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز بىللە يۈرۈش ئۈچۈن تاللانغان يولداش ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ، بىللە كۈن ئۆتكۈزىدىغان يولداشتۇر.

يولداشنىڭ ياخشى بولۇشىنىلا تەكشۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ خۇلقىنى، مىجەزىنى بىلىشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يولداش بولۇشقا يارايدىغان ـ يارىمايدىغانلىقىنىمۇ تەكشۈرۈش لازىم. شۇ سەۋەبتىن ئەرگە تەگكۈچى قىز ئېرىنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى، هەمدە ئۆزىنىڭ شۇ ئەرگە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكىنىمۇ هېسابقا ئېلىشى كېرەك.

ئەرگە تەگكۈچى قىزلار ئۈچۈن كېرەك بولغان كۆزدە تۇتۇشلەر خوتۇن ئالغۇچى ئەرلەرگىمۇ زۆرۈردۇر. شۇنىڭ

ئۇچۇن بۇ يەردە ئايال بىلەن ئەرنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرى توغرىسىدىكى ۋەزىپىلىرى سۆزلىنىدۇ.

## ئايال كىم؟

ئايال يوسۇن بويىچە بىر ئەرنىڭ تىرىكلىك يولدىشىدۇر. ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ھويلىسىغا خوجا بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز ۋە ھەسرەتلىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈچى، قانداقلا بولسۇن خۇشال قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر.

ئايال ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلىغۇچى، پۇلنى ئاز خىراجەت قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر. ئېرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ تەن ۋە كۆڭۈللىرىنى ئاسراپ ئۆستۈرگۈچى، ئېرىدە بولغان بۇزۇق ئادەت، بۇزۇق مىجەزلەرنى تۈگىتىشكە سەۋەب بولغۇچىدۇر.

ئايال ئەرنىڭ قاتتىق كۆڭلىنى يۇمشاتقۇچى، پۈتۈن ئائىلىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغۇچى، بۇزۇپ - چېچىشتىن ساقلىنىپ كەلگۈسى ئۈچۈن مال يىغقۇچىدۇر. ئايال پات - پات ئويناپ تۇرىدىغان قورچاق ئەمەس، ئايال بۇگۈنى كىيىپ، ئەتىسى سالىدىغان كىيىم ئەمەس. ئايال ھايۋان ئەمەسكى ياقىسا بېقىپ، ياقمىسا بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېتىلىدىغان، ئايال خىزمەتكار ئەمەسكى، ياخشى ئىشلىسە ساقلاپ قېلىپ، ياخشى ئىشلىمىسە قوغلىۋېتىلىدىغان، بەلكى ئۇ ئۆمۈرلۈك بىر يولداشتۇر.

## ئەر كىم؟

ئەر يوسۇن بويىچە ئايالنى ئۆزىگە يولداش بولۇشقا قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئاتا - ئانىسىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدىن ئايرىلىپ ئۆزىگە يار بولغان ئايالنى ھۆرمەت قىلغۇچى ۋە تەربىيە قىلغۇچىدۇر.

ئەر ئايالنى مۇشەققەتلەردىن، زىيان - زەخمەتلەردىن ئاسرىغۇچىدۇر. ئايالنىڭ بىلىپ - بىلمەي قىلغان ئىشلىرىنى كەچۈرۈپ، ياخشى نەسىھەت قىلغۇچى ۋە ھەر ۋاقىت ئايالنى شەپقەت قاناتلىرى ئاستىدا تەربىيە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئەر ئايالىغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئايالنى كۈچى يەتمىگەن خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە زورلىماسلىقى كېرەك. ئايالىغا نىسبەتەن قاتتىق كۆڭۈل بولۇشتىن ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەي يۈرۈشتىن ساقلىنىشى لازىم.

ئەر ئۆزىنى خوجايىن بىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۆز مۇرادىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشماستىن، بەلكى يوسۇن ۋە ئەقىلگە خىلاپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك، بار - يوق نەرسىلەر ھەققىدە ئايالنى تەڭلىكتە قويماسلىقى كېرەك.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نىكاھ ئەدەپلىرىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆزلىرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نىكاھتا ھەر ئىككى تەرەپتە قىزغىنلىق، خۇلق ۋە مىجەز جەھەتتە مۇۋاپىقلىق، ياش جەھەتتىكى مۇناسىپلىق، نەسەب جەھەتتە بىر - بىرىدىن يىراق بولۇش كېرەكتۇر.

## قىزغىنلىق

ئەر بىلەن ئايال ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلسا ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بىلسە نىكاھ قىلىش لازىم. ئەگەر ھەر ئىككىسى ياكى ئىككىسىدىن بىرى نىكاھنى ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر تاپمىسا ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نىكاھتىن پايدا يوق. بۇنىڭدىن باشقا ئۆيلەنگۈچى يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ياقتۇرۇشى لازىم. ھەر ئىككىسى ياكى بىرى ئىككىنچىسىنى كۆڭۈل بېرىپ سۆيمىسە، ئۇ نىكاھتىن پايدا يوق. بىر - بىرىگە ئۆزئارا قىزغىنلىق ۋە بىر - بىرىگە مۇھەببەت بولمىغان قىز - يىگىتنى نىكاھ بىلەن باغلاپ جەم قىلىپ قويۇش بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى ئادەمنى بىر ئۆيگە قاماپ قويغانغا ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر.

كەپتەر بىلەن قارچىغا، تۇمۇچۇق بىلەن مۈشۈكىياپىلاق بىر قەپەستە ياشىيالمايدۇ، ئىت بىلەن تۈلكە، مۈشۈك بىلەن كىرپە بىر يەردە كۈن كۆرەلمەيدۇ. ئارىسىدا بىر - بىرىگە قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت بولمىغان ئەر بىلەن ئايالمۇ بىرگە تىرىكچىلىك قىلالمايدۇ، تىرىكچىلىك قىلسىمۇ راھەت كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆتىدۇ.

ئۆزلىرى ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلمىغان ۋە مۇھەببىتى چۈشمىگەن يىگىتلەرگە قىزلارنى زورلاپ بېرىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقتۇر.

قىزلارنى زورلاپ نىكاھلىغۇچىلار، بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىككى ئارىدا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئالداپ كېلىشتۈرگۈچىلەر ئەڭ چوڭ زالىم ۋە خائىنلاردۇر.

بىر قىزنى ئۆزى ئارزۇ قىلمىغان ئادەمگە زورلاپ بەرمەك، شۇ قىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تەڭ قاتتىق كۆڭۈللۈكتۇر. قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق زورلاپ بېرىش بىلەن ئۆمۈربويى ئۆلۈم قايغۇسىنى چېكىپ ئۆتىدىغانلار كۆپتۇر.

## مۇۋاپىق بولۇش

نىكاھ قىلىنغۇچى قىز - يىگىت مىجەز - خۇلقى جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياقتۇرمىغان ئادەملەر بىر

چاقىرىم يەرگىمۇ بىللە بارالمايدۇ. ئۇنداقتا، مىجەز ـ خۇلقى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىپ دۇنيا سەپىرىدە بىللە بولالىسۇن ۋە قانداق قىلىپ بىر جان، بىر تەن بولالىسۇن؟

بىر قېتىم يۈزلىرىنى، بويىنى كۆرۈش بىلەن قىز ـ يىگىت بىر ـ بىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى پۇتۇنلەي بىلىپ ۋە سىناپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىشكە، كۆپرەك بىلىشكە تىرىشىش زۆرۈر.

سۈتنى سىغىپ ئىچىش ئۈچۈن سىيىر ئالغان ئادەممۇ ئۇزاق ۋاقىت ئالماقچى بولغان سىيىر ھەققىدە بىلگەنلەردىن سورايدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆمۈربويى بىللە تۇرىدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان ئادەم ھەققىدە سوراش ۋە ئۇنىڭ ھالىنى ئوچۇق بىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىجتىھات قىلىش لازىم.

مىجەز ـ خۇلقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلىشنىڭ ئورنىغا بولغۇسى ئەرنىڭ مېلىنى، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي جاھازلىرىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلسا، ئاخىر بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلار ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قارغاپ ئۆتەر. مىجەز ـ خۇلقى مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا يالغۇز مال ـ بايلىققىلا قىزىقىپ، شۆھرەت ـ دەرىجە ئىزدەپ قىزلىرىنى نىكاھ قىلغۇچىلار ئادەم بالىسى بىلەن سودا قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى بۇنداق نىكاھ ھەقىقىي مەنىدىكى نىكاھ ئەمەستۇر.

## ياش جەھەتتىكى مۇناسىۋەت

نىكاھ قىلىدىغان ئادەملەر بەك قېرى ياكى بەك ياش بولماسلىقى، شۇنداقلا نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېشى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياش مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى تەبىئەت بەلگىلەيدۇ. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ئىشەنچلىك نىكاھ ئەمەستۇر.

پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلەر نىكاھ ۋاقتىنى قىزلار ئۈچۈن ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ياش ئارىسىدا، يىگىتلەر ئۈچۈن يىگىرمە بەش بىلەن ئوتتۇز يەتتە ياش ئارىسىدا بولۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قىزلار ئون توققۇز، يىگىتلەر يىگىرمە بەش ياشقا يەتمەستىن بۇرۇن، ھەم قىزلار ئوتتۇز بىر، يىگىتلەر ئوتتۇز يەتتە ياشتىن كېيىن بولغان نىكاھلار ۋاقىتسىز نىكاھلاردۇر.

ئۆيلەنگۈچى يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى ياشنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلەر خوتۇن بولغۇچى قىز ئۆزىگە ئەر بولغۇسى يىگىتتىن ئالتە ياش مىقداردا كىچىك بولۇشى لازىم، ئەمما ئون ياشتىن ئارتۇق پەرق مۇۋاپىق ئەمەستۇر، دەيدۇ.

## جورىلىق

ئۆمۈرلۈك يولداشلار، يەنى ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا قاچانكى باراۋەرلىك بولسا، شۇ چاغدا بىرلىك ۋە دوستلۇق بولىدۇ. بولمىسا، ئارىدا كەمسىتىش يۈز بېرىپ شۇ سەۋەبتىن ئائىلە بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايلىق، بىلىم ـ تەربىيە توغرىسىدا يىگىت بىلەن قىز باراۋەر بولۇشى كېرەك. تەربىيە كۆرگەن، ئىلىملىك، گۈزەل خۇلقلۇق قىز بىلەن يىگىتنى تەڭ سانىماسلىقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

دۇنيانىڭ راھىتى بايلىقتا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل تىنچلىقىدىدۇر.

لېكىن، ياشلىق سەۋەنلىكلىرى سەۋەبىدىن بەزى قىزلار ئۆزلىرىگە جورا بولىدىغانلارنى جورا كۆرمەسلىكى، جورا بولمايدىغانلارنى جورا ھېسابلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز ـ يىگىتلەر نىكاھ توغرىسىدا چوڭلار ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىشى، ماھارەت بىلەن كۆزىتىشى كېرەك.

## نەسەب جەھەتتە يىراقلىق

يېقىن قېرىنداشلار ئارىسىدا بولغان نىكاھ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈنمۇ زىيانلىقتۇر. بۇنداق نىكاھتا كۆپ ھاللاردا بالىلارنىڭ زەئىپ، ئەزالىرى كەمتۈك ياكى كېسەلچان بولىدىغانلىقى سىناقتا ئىسپاتلانغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ قىلىنغۇسى ئەر بىلەن ئايال قېرىنداشلىق، مەملىكەت، ئىقلىم جەھەتلەردىن مۇمكىنقەدەر بىر ـ بىرىدىن يىراق بولۇشى لازىم.

## ئەقىللىق بىر خوتۇننىڭ نەسىھىتى

ئەقىللىق بىر خوتۇن قىزىنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

ئەي قىزىم! بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتتىڭ، باشقا بىر ئادەمگە يارۇ ـ يولداش بولدۇڭ، سەن



ئۇچۇن بەخت ـ ئامەت تىلىگۈچى ئاناڭ تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ئۇشبۇ نەسىھەتلەرنى مەھكەم ئېسىڭدە تۇتقايسەن ۋە مۇمكىن بولغاندا پايدىلىنارسەن.

قىزىم، ئېرىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئۆزىڭگە يولداش، قادىغۇدا بىللە قايغۇرغۇچى، شادلىقتا بىللە شادلانغۇچى يولداش بولۇش ئۈمىدى بىلەن سېنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەسلا يەردە قويمىغايسەن. ئۇ ھەر ۋاقىت سەندىن رازى بولۇپ ياشىسۇن.

قىزىم، تېز كۈنلەردە ئائىلە قۇرۇشقا كىرىشىسەن، ئائىلە قۇرۇشتا ئېتىبارغا ئېلىشقا كېرەك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىنى، بولۇپمۇ قېيناناڭ، قېيناتاڭنى ھۆرمەت قىل. ئۇلارنى ئۆز ئاناڭ، ئۆز ئاتاڭدەك كۆر. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىڭ ھېسابلا، قېينانا، قېيناتاڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىل. مۇشۇ يەڭى تۇغقانلىرىڭنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلىۋال ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىل، ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ساقلان، چۈنكى بۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېرىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. سەندىن ئۆتسە يېقىنلىرىڭنىڭ كۆڭلىدە قالار، ئۇلاردىن ئۆتسە سەندىن قىزغىنار. بۇنىڭ قايغۇسى بىلەن ئېرىڭ تاماقتىن قالار ۋە ئاخىر كېسەل بولۇپ قالار. ئەرلەر ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ شاد، تىنچ بولۇشىغا موھتاجدۇر، ئائىلىسىدە ئازراق قايغۇ بولسا ئۇلارنىڭ كەسپىگە تەسىر يېتەر.

قىزىم! ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا بىرىگە سىر ئېيتما. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭگە قارشى گەپ قىلما. چىرايىڭنى تۈرمە. ئەرلەر خوتۇنلىرى تەرەپتىن بولغان ئەڭ زور كەمچىلىكلەرنى كەچۈرەلەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازراقلا نەرسىنىمۇ ئېچىگە سىغدۇرالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. ئەگەر يارىماس ئادىتى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاغرىتماستىن ئىش تۇت.

قىزىم، ئېرىڭ ياقتۇرمىغان ئىشلاردىن، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلما. ئېرىڭنىڭ مېلىنى ئاسراپ تۇت، ئىسراپ قىلما.

قىزىم، ئۆيۈڭ تەرتىپلىك، ھەر نەرسە ئۆز جايىدا بولسۇن. بالىلىرىڭنى ئېرىڭگە ئامراق، ئېرىڭنى بالىلىرىڭغا كۆيۈمچان قىلىشقا تىرىش. ئاتىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىشى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بالىلىرىنى سۆيىدىغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىناپلىق بولىدۇ ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ باشقا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرگە كۆز سالمايدۇ.





قىزىم، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىق، تەدبىرلىك خوتۇنلار ئۈچۈن ئېغىر ئىشلاردىن ئەمەس. ئەقىللىق خوتۇنلار كۈچلۈكلەر كۈچى بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ.

قىزىم بەزى ۋاقىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشىدا بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ئۇنىڭ توغرا بولمىغان ئەيىبلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلە.

قىزىم، ئائىلە ھەر ۋاقىت نېمەت ئەمەستۇر، بەزى چاغلىرىدا زەھىرى، تىكىنى، نەيزىلىرى ھەم بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ئاراڭغا سوغۇقچىلىق چۈشسە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۆزلە، قىزىرىشما، چىرايىڭنى ۋە ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتمە، ھۆرمەت قىل، ئۇ ھەرقانچە ئاچچىقلانسىمۇ قارشى سۆز قىلما. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن خوتۇندۇر.

قىزىم، بالاڭ بولسا ئۇلارنىڭ تېنىنى ئاسرا، مەكتەپكە بارغۇچە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيە قىل، ياخشى قىلىقلارغا ئادەتلەندۈر.

(ئۆزبېكچە «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 10 ـ سانىدىن قىسمەن قىسقارتىپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىزى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما

ئۆمەرجان سدىق

2003.2

2002 ـ يىلى 31 ـ مارت كۈنى باشقا كۈنلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئادەتتىكىلا بىر كۈن بولدى. قۇياش يەنىلا مەشرىقتىن چىقىپ، مەغرىبكە پاتتى. بىراق بۇ كۈنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز زور يوقىتىش بولغان بىر كۈن بولدى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 5 لەر ئەتراپىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا «سانتانا»ماركىلىق بىر تاكسى ئۈچ يولۇچىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئاق كۆڭۈل شوپۇر پىچان ناھىيىسىدىكى ئۆز ئۆيىگە سالامەت يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى. باشقا يولۇچىلارمۇ بۇ ماشىنا ئۈچۈن پەقەت ئىككى سائەتلىك مۇساپە بولغان بۇ يولنى تىنچ ـ ئامان بېسىپ بولۇشنى ئىزدەيتتى، ھەممە ئىش نورمال بولۇپ، ماشىنا نورمال سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا ئاپتوموبىللار ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مانا ئۇلار خۇگۇل تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، توقسۇن يول ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، 21 ـ تۇەنگە يېقىنلاپ قالدى. يولۇچىلارنىڭ يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۆزلىرىنى تۇرپان شەھىرىدە كۆرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن دەل مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە يۈرەكلەرنى لەختە ـ لەختە قان قىلىدىغان دەھشەتلىك پاجىئە يۈز بەردى. «سانتانا» ماركىلىق تاكسى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ بويىدا قائىدىگە خىلاپ ھالدا توختىتىپ قويۇلغان چوڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىگە زەرب بىلەن ئۈرۈلۈپ، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ھاياتلىق، مېھنەت ئۈچۈن تىنىمسىز دۈپۈلدەپ تۇرغان ئۈچ يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى. بىر يولۇچى ئېغىر يارىدار بولدى. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، تارىخ مۇساپىسىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇتنى كېسىپ چىقىرىۋەتكىلى بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ۋە ياكى ئىشلار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلسا، يولۇچىلار بۇ يولدىن ئۆتمىسە، باشقا قاتناش ۋاستىسىنى تاللىغان بولسا، ئەتىسى يولغا چىققان بولسا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پەرەزلەر رېئاللىققا ئايلانغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەتتى ـ ھە! بىراق، پاكىت رەھىمسىز ئىدى. بۇ تاكسىدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن، 500 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلغان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، ئەدەبىيات

سۆيەر ئوغلان، ئوت يۈرەك ئەركەك مامۇتجان داۋۇت ۋە ئۇنىڭ خانىمى گۈلشەن بار ئىدى!

## يۈرەككە قادالغان مۇسىبەت خەۋىرى

1 ـ ئاپرېل كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 لەر ئەتراپىدا ئىشخانىدا ئەسەر كۆرۈپ ئولتۇراتتىم ، بىر خىزمەتدىشىم تېلېفون كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. تۇرۇپكىنى ئېلىپ «ۋەي»دېيىشىمگىلا، قارشى تەرەپتىكى بىر ئەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. «ۋەي، ۋەي، سىز كىم؟» مەن بۇ ئىشتىن جىددىيلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ جاۋابىنى كۈتتۇم. «مەن ئاقسۇدىكى ئابدۇرېشىت بارات» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى»ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، شائىر ئابدۇرېشىت بارات ئۇيغاق)دېدى، قارشى تەرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئارانلا قىلىپ. «ۋەي، ئابدۇرېشىتكا، زادى نېمە ئىش بولدى؟»دېدىم مەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي. «ئۇكام ئۆمەرجان، ئاخشام مامۇتجان داۋۇت تۇرپاندا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىپتۇ. ئايالى گۈلشەن تۇرپاندا دوختۇرخانىدا ئىكەن، سىزلەر...»ئۇ ئېسەدەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. «نېمە؟!...»مەن مېڭەمدىن كىرگەن بىر ئاغرىقتىن ئۇستەلنى تۇتۇپ ئارانلا تۇرۇۋالدىم، ئەگەر ئابدۇرېشىت بارات يىغلاپ تېلېفون ئۇرمىغان بولسا، بۇ خەۋەرگە ئىشىنىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرھال خىزمەتدىشىم، شائىر ھەبىبۇللا رەجەپ بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانا بىناسى 3 ـ قەۋەتتىدىكى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىگە كەلدۇق. كارىدوردا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىمىن ئاكا، مامۇتجان داۋۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىگىلىك تىكلىگەن جان ـ جىگەر دوستى تۇرغۇنجان ئەمەت، مامۇتجان داۋۇتنىڭ شوپۇرى راخمانجان ئىمىن ۋە مامۇتجاننىڭ بىرقىسىم دوستلىرى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېكرام غوپۇر قاتارلىقلار بار ئىكەن. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەخمەت ئاكا ۋەقەنىڭ جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. بىز بىللە گۈلشەننىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇنىڭ باش ـ كۆزى ۋە قولى ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان، ئاسما ئوكۇل ئېسىلىپ، ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلەندۈرۈلۈۋاتاتتى. بىز كارىدورغا چىققاندىن كېيىن گۈلشەننىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئەخمەت ئاكا: «دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، گۈلشەننىڭ بېشى يېرىلىپ، قولى بىر نەچچە يەردىن سۇنۇپتۇ. قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، كۆپ مىقداردا قان سىڭدۈرۈشقا توغرا كېلىدىكەن، ئەھۋالى يەنىلا خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مامۇتجاننىڭ ۋاپاتىنى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئېيتماي، ئۇنى شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتىدۇ، دېيىشكە كېلىشتۇق. ھازىرچە گۈلشەننى ئورنىدىن قوزغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە داۋالىتىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدۇق. مامۇتجاننىڭ بىر نەچچە تۇغقىنى گۈلشەنگە قاراش ئۈچۈن ئاقسۇدىن تۇرپانغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ»دېدى ۋە «ئۈرۈمچىدىن بىرمۇزلاتقۇلۇق ماشىنا چاقىرىپ قويدۇق، چۈشتىن كېيىن مۇشۇ ماشىنىدا مامۇتجاننىڭ مېيىتىنى ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭىمىز»دەپ قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ گۈلشەن تۇرپان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا 20 كۈن يېتىپ قالدى. مەن ئىدارىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىچ ـ ئىچىمدىن قايناپ كېلىۋاتقان قايغۇنى سىڭدۈرەلمەي، تېلېفون ئارقىلىق بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى»ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەد سالىھ مەتروزىغا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم يىلتىزغا، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىكى ئابدۇللا موللىغا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىر ئەنۋەرجان سادىققا، پىچان ناھىيىلىك نېفت شىركىتى لۈكچۈن ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى قەلەمكەش ياقۇپ ئىسمايىلغا يەتكۈزدۈم. بۇ خەۋەردىن ھەممەيلەنىلا ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى، ئىشەنگۈسى كەلمىدى. مەنمۇ كۆڭلۈمدە «4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يالغان ئېيتىش بايرىمى، بۈگۈن 1 ـ ئاپرېل، بۈگۈن تارقالغان بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ قالسىچۇ»دېگەننى قايتا ـ قايتا ئويلىدىم.

## مامۇتجان داۋۇتنىڭ تۇرپان سەپىرى

تېخى يېقىندىلا ئاقسۇ شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان مامۇتجان بۇ قېتىم مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان بولۇپ، يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

MIRAS

مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، بۇ يىللىق «گۈلزار مۇكاپاتى»نى تارقىتىش ئىشىنى كېڭەشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىغىننى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى ئېيتقان. مامۇتجان يىغىننى تۈگىتىپلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار بىلەن تاماقتا بىرگە بولۇپ، «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ تارقىتىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە ئۆزىنى ئۈرۈمچىدە ساقلاپ تۇرغان خانىمى بىلەن بىرگە تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققان. ئەسلىدە ئاقسۇ تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇن ئىشلىمەكچى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن. ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىغان مامۇتجان داۋۇت فىلىم ئىشلەشكە، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە بىللە قاتنىشىشنى قارار قىلغان. تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر مامۇتجاننىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىگە ئۇلگۇرۇپ، تۇرمۇش ئۆگىنىشنى ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغان تۇرپاندىن باشلىماقچى بولغان. مامۇتجاننىڭ «قۇملۇق شاھى»ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىسى بار بولۇپ، ئاقسۇدىكىلەر مامۇتجاننىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە ئۇنى ئالغىلى چىقماقچى بولغان. لېكىن ئاق كۆڭۈل، ئاددىي ـ ساددا مامۇتجان «ئاۋارە بولۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، يەنە كەينىڭلەرغا يېنىپ تۇرپانغا چۈشۈپ يۈرمەيلى. سىلەر ئۇدۇل تۇرپانغا كېلىۋېرىڭلار، ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقى ئىككى سائەتلىك يول، مەن تاكسى بىلەن باراي، بىز تۇرپاندا كۆرۈشەيلى»دەپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تۇرمۇش ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مامۇتجاننىڭ ماشىنىسى ۋە باشقا ماشىنا بىلەن تۇرپانغا كەلگەن. مامۇتجان داۋۇتمۇ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بارىدىغان «سانتانا»ماركىلىق كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان. ۋەقە يۈز بېرىشتىن 20 مىنۇت بۇرۇن ئاقسۇ تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىمىن مامۇتجان بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن بولۇپ، ئەخمەت ئاكا ئۆزلىرىنىڭ تۇرپانغا كېلىپ، ياتاقلارغا جايلىشىپ بولغانلىقىنى، مامۇتجانغىمۇ ياتاق ئېلىپ قويغانلىقى، تۇرپاندىكى ئەڭ ئالىي رېستوران «ئاتەش»رېستوراندىن بىر ئۇستەللىك تاماق بۇيرۇتۇپ، شۇ يەردە مامۇتجاننى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. مامۇتجانمۇ ئۆزلىرىنىڭ خۇگۇلدىن چىقىپ، توقسۇن يول ئېغىزىدىن ئۆتكەنلىكىنى، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق دەل مۇشۇ دەقىقىلەردە دەھشەتلىك پاجىئە ئۇچقاندەك يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارغا قارا چاڭگىلىنى سوزغان...

بۇنىڭدىن يەتتە ئاي مۇقەددەم مامۇتجان بىلەن خوتەندە 11 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىدا كۆرۈشكەن، تونۇشقان، قول ئېلىشىپ تۇرۇپ قىزغىن پاراڭلاشقانىدۇق. يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن «خوتەندىكى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش» («تۇرپان گېزىتى»نىڭ 10 ـ ، 11 ـ ئايلىق سانلىرىدا ۋە «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ئەدەبىي خاتىرە يېزىپ، خاتىرىنىڭ «‹گۈلزار مۇكاپاتى› ۋە مامۇتجان داۋۇت» ناملىق بىر بۆلۈمىنى مەخسۇس مامۇتجان داۋۇتقا بېغىشلىغان، كېيىن يەنە مامۇتجان داۋۇتقا يېزىلغان خەت شەكلىدىكى «‹گۈلزار مۇكاپاتى› ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرگۈسى» («تۇرپان گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر كۈندىكى سانىدا ۋە «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغانىدىم. بۇ ماقالىلىرىمدا مامۇتجانغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، دوستلۇق ھېسسىياتىم ئىپادىلەنگەن. بۇ ماقالىلىرىم ئارقىلىق تۇرپان خەلقى مامۇتجاننى تونۇش، بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭغا غايىبانە ھۆرمەت بىلدۈرگەندى. مانا ئەمدى ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتۈپلا مامۇتجانغا مۇسىبەتنامە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بۇ قارا قىسمەتنى كىمدىن كۆرگۈلۈك!

## مامۇتجاننى ئاقسۇغا «ئۇزىتىش»

1 ـ ئاپرېل كۈنى، چۈش سائەت 1 لەر بىلەن مامۇتجاننى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىرلار كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەببۇللا رەجەپ بىلەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كەلدۇق. دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ژۇرنالىست قۇربان مامۇت ۋە خانىمى، «شىنجاڭ مائارىپى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شائىر ۋاھتجان ئوسمان، «شىنجاڭ مائارىپى

گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، تەنقىدچى يالقۇن روزى،
«تەڭرىتاغ»ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر ئەزىزى، ما-
مۇتجان داۋۇتنىڭ سىرداش دوستى، مەرىپەتپەرۋەر تىجا-
رەتچى ئىمىنجان ئۆمەر، مامۇتجان داۋۇتنىڭ دوستلىرى،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كەلگەنىدى. تۇرپاندىكى ئەدەبى-
يات - سەنئەتچىلەردىن رازاق تۆمۈر، مۇھەممەت نىياز،
رىشىت قاسىم، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللا قاتارلىق-
لارمۇ يىغىلغانىدى. بىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلار
بىلەن چوڭقۇر مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە كۆرۈشتۇق.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆت-
كەن يىلى 8 - ئايدا خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن «11 - نۆ-
ۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغى-
نى»غا قاتناشقان ۋە يىغىنغا مامۇتجان داۋۇت بىلەن
ئەسرارلاشقانلار بولۇپ، چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى ئى-
چىدە مامۇتجاننىڭ پەزىلەتلىرىنى، بىللە بولغان چاغلىرىنى
ئەسلەشتى. سائەت 3 لەرگە يېقىن ئۈرۈمچىدىن مۇزلاتقۇ-
لۇق ماشىنىنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممىمىز تۇرپان يېڭى
بېكەت رايونىغا جايلاشقان، مامۇتجاننىڭ مېيىتى ساقلىنى-
ۋاتقان مېيىتنى سوغۇق ساقلاش ئۆيىگە قاراپ يول ئال-
دۇق. يول بويىدا توختاپ ۋىلايەلىك مائارىپ تېخنىكا
تەربىيىلەش مەركىزى ئىچىگە جايلاشقان يۇقىرى سۇر-
ئەتلىك تاشيول قاتناش ساقچى ئەترىتىگە كىرىپ، مېيىتنى
ئېلىپ كېتىش رەسمىيىتى بېجىرىشكە توغرا كەلدى.
رەسمىيەت ناھايىتى كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەر-
دىمۇ بىر سائەتتىن ئوشۇق ساقلاپ تۇرۇپ قالدۇق.
رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن تۇرپان ۋىلايەتلىك تۆ-
تۈپ تۇرۇش ئورنىنىڭ يېنىغا جايلاشقان جەسەت ساقلاش
ئورنىغا كەلدۇق. مامۇتجاننىڭ مېيىتى سول تەرەپ تۆرىگە
جايلاشقان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئەتراپى ئاق
باغلىغان، يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولغا-
نىدى. بىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋىدۇق، بىر ساقچى خادىم
ئىچكىرى ئۆيدە غۇڭۇلداپ مىڭىۋاتقان، چوڭ توڭلاتقۇ-
نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نوسۇلكىنى تارتىپ پەسكە
ئالدى. نوسۇلكىنىڭ ئۈستىدە، سىيرتمىلىق بىرزېنت قاپ-
نىڭ ئىچىدە مامۇتجاننىڭ مېيىتى ياتاتتى. نوسۇلكا پەسكە
ئېلىنىپ، سىيرتما ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. مامۇتجاننىڭ
كىيمى سالدۇرۇۋېتىلگەن، ئۈستىدە كىچىك ئىشتانلا بار
بولۇپ، بېجىرىم سىلىق بەدىنىدە ھېچقانداق يارا ئىزى
يوق ئىدى. سىيرتما ئېچىلىپ باش تەرىپىگە كەلگەندە
قاراپ تۇرغانلار ئىختىيارسىز ئاھ چېكىشتى، بىر نەچچەي-
لەن دەرھال تەتۈر قارىۋېلىشتى، مېنىڭمۇ بېشىم پىررىدە
قېيىپ، دەرھال كەينىمگە چېكىندىم، مەرھۇمنىڭ بېشى
بۇرنىنىڭ ئۈستىدىنلا يوق ئىدى! يەنە يىغا - زارە باشلى-
نىپ كەتتى. ساقچى مېيىتنى ئوبدان تونۇپ ئېلىشنى ئېيت-
تى. مەرھۇمنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۇرغۇنجان ئەمەت، شو-
پۇرى راخمانجانلار يۈم - يۈم يىغلاپ تۇرۇپ، مېيىتنىڭ
يېنىغا، برزېنت قاپنىڭ ئىچىگە قويۇلغان مەرھۇمنىڭ
كاستۇمى، كۆڭلىكى، گالستۇكى، ئايىغىغا تەپسىلي قاراپ،
مېيىتنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. مۇزلاتقۇلۇق
ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن،
ئەكبەر داۋۇت، تۇرغۇنجان نەمەتلەر نوسۇلكىنى كۆتۈر-
دى. مەن بىر نەچچەيلەن بىلەن ماشىنىغا چىقىپ، نوسۇل-
كىنى ئالدۇق. يولدا نوسۇلكىنىڭ چايقىلىپ، مېيىتنىڭ
چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نوسۇلكىنى
ياخشى جايلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئەكبەر داۋۇت،
راخمانجان قاتارلىق بىر نەچچەيلەن سىم تېپىپ كېلىپ،
نوسۇلكىنى تېڭىشقا باشلىدى.

ھەممەيلەن چەكسىز ماتەم تۇيغۇسى ئىچىدە ئۈن -
تىنسىز ھالدا مامۇتجاننىڭ مېيىتىنى ئۈزىتىش بىلەن پاي-
پېتەك بولۇۋاتاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مامۇتجاننىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرىمۇ، مامۇتجان بىلەن يۈز
كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا غايىۋى ھۆرمەت
بىلدۈرىدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئۈزى-
تىش ھەم جىمجىت، ھەم قايغۇلۇق، ھەم تەسىرلىك ئېلىپ
بېرىلىۋاتاتتى. ئاخىر بارلىق تەييارلىقلار پۈتۈپ، ماشىنا
قوزغىلىشقا تەييارلاندى. ھەممەيلەن ماشىنىنىڭ ئالدىدا
سەپكە تىزىلىپ، باشلىرىمىزنى سېلىپ ئۈنسىز ماتەمدە
تۇردۇق. باتۇر روزى مۇڭلۇق قىرائەت قىلغاندىن كېين،
كۆپچىلىك كۆزلىرىمىزگە ياش ئالغان ھالدا دۇئاغا قول
كۆتۈردۇق. ماشىنا قوزغالدى، مامۇتجان داۋۇت ئاستا -
ئاستا ئۇزاپ كەتتى.

## شەپقەت ۋە شەپقەتسىزلىك

بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئىچىدە ما-
مۇتجاننىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ، مۈگدەپ قالغان
گۈلشەن دەھشەتلىك سوقۇلۇشتىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ
ھوشىغا كەلگەندە بېشىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان كۆز-
لىرىنى توسۇۋالغان، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىۋاتقان،
سېزىمى بارغانچە خىرەلىشىۋاتقان بولۇپ، قاتتىق چىقى-
ۋاتقان شامال ماشىنىنىڭ چېقىلىپ كەتكەن دېرىزە

ئەينەكلىرىدىن توختاۋسىز كىرىپ تۇراتتى. ئۇ قاپقاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئاجىز ئىڭراپ مامۇتجاننى چاقىرىپ بېقىۋىدى، ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئۇ باشقىلارمۇ ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ،دەپ ئويلاپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىشقا ئۇرۇندى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشىكنى ئاچالمىدى. ئۇ بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسە ئەھۋالنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قولىنى دېرىزىدىن چىقارماقچى بولدى، بىراق ئوڭ قولى چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقاچقا مىدىرلىتالماي قالدى، ئۇ ئاغرىققا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ، سول قولىنى ماشىنا دېرىزىسىدىن چىقىرىپ توختىماي پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. نۇر توچكىلىرى ماشىنا ئالدىدىن ۋە كەينىدىن ئۇچقاندەك يېقىنلاپ كېلەتتىيۇ يەنە توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر چاغدا كەينىدىن ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر «سانتانا»ماركىلىق ماشىنا يول بويىدا توختاپ، ماشىنىدىن بىر «پەرىشتە»چۈشتى. بۇ «پەرىشتە» تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى لياڭ ئەي ئۇستام بولۇپ، ئۇمۇ ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كەينىگە سوقۇلۇپ توختاپ قالغان ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن پۇلاڭلىتىۋاتقان قولنى كۆرۈپ توختىغانىدى. قائىدىگە خىلاپ ھالدا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويىدا توختىغان يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كابىنكىسىدىمۇ ئەسلى ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار بىر ماشىنىنىڭ كەينىگە سوقۇلغانلىقىنى تۇيۇپ، كابىنكىدىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەن، بىر ھاياتلىقنىڭ ماشىنىنىڭ ئىچىدە تىپىرلاۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەن. بىراق، «ئۇ ماشىنا ئۆزى كېلىپ كەينىمىزگە ئۇرۇلدى، ماشىنىدىكىلەرنى قۇتقۇزىمىز دەپ، يوقىلاڭ ئىشقا چېتىلىپ قالمايلى»دېيىشىپ، جان تالىشىۋاتقان بىر جان بىلەن كارى يوق ھالدا كابىنكىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان. لياڭ ئەي ئۇستام ھەرقانچە قىلىپمۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىدىكى ماشىنىدىكىلەرنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ياردەملەشتۇرگەن. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن گۈلشەن ملىڭ تەسلىكتە مامۇتجاننىڭ يانچۇقىدىن يانفوننى ئېلىپ، لياڭ ئۇستامغا ئۆزلىرىنىڭ شوپۇرىنىڭ تۇرپاندا ئىكەنلىكىنى، بۇ تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەن. لياڭ ئۇستام مامۇتجاننىڭ شوپۇرى راخمانجانغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، راخمانجان دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن لياڭ ئۇستام گۈلشەننىڭ بېشىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شوپۇرىنى ساقلىسا، ئەھۋالنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گۈلشەننى دەرھال كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ، تېز سۈرئەتتە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتقان. ئەتىسى يەنە دوختۇرخانىغا گۈلشەننى كۆرگىلى كەلگەن. بىراق، ئۇلارغا ئىدارىسى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى قاتارلىقلارنى تۈزۈك ئېيتىپ بەرمەي «ھېچقىسى يوق، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالغان. قاراڭ بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب روھ ـ ھە!

## گۈلشەن دوختۇرخانىدا

گۈلشەن تۇرپان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كېسەلخانىغا ئېلىنغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئۇنى داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مجىت ناسىرمۇ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە بۇ ھەقتە تېلېفون قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى گۈلشەننى داۋالاشقا كۆرسەتمە بېرىپ تۇردى. گۈلشەننى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان تاشقى كېسەللەر 2 ـ دوختۇرى زېلىڭ يوڭشىن ۋە نىساگۈل قاتارلىق سېستىرالار ھەر كۈنى گۈلشەننىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، بارلىق تېخنىكىسىنى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سىڭدۈرۈپ گۈلشەننى داۋالىدى. شۇڭلاشقا گۈلشەن ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. گۈلشەن دائىم: «مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان بىرىنچى پەرىشتە لياڭ ئەي ئۇستام بولسا، ئىككىنچى پەرىشتە زېلىڭ دوختۇر. ئەگەر لياڭ ئۇستام دەل ۋاقتىدا مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، زېلىڭ دوختۇر مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن داۋالىمىغان بولسا، بۈگۈنگىچە ھايات قېلىشىممۇ تەس ئىدى. بولۇپمۇ زېلىڭ دوختۇرنىڭ پسىخىكا جەھەتتىن داۋالىشى مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم مېنىڭ يېنىمغا كىرىدۇ، ھەر قېتىم شۇنچە خۇشخۇي، سەممىي تەبەسسۇم بىلەن يېنىمغا كىرگىنىدە قاتتىق ئاغرىقتىن ئازابلىنىۋاتقان بولساممۇ، ئۇنىڭ دوستانە كۈلكىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشكە مەجبۇر بولىمەن. ئۇ شۇ ھامانلا ئىلھامبەخش سۆزلەرنى قىلىپ، مېنىڭ ئىشەنچىمنى ئاشۇرىدۇ» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. مەن 9 ـ ئاپرېل كۈنى گۈلشەننى يوقلاپ كىردىم. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغۇنجان ۋە گۈلشەنگە قاراۋاتقان ئىككى قىزى بار بولۇپ، گۈلشەن

كارىۋاتتا ياتقىنىچە مېنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئال-
دى. ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى، بېشىنىڭ 35 يىپ
تىكىلگەنلىكىنى، 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە سۆڭەكلىرى سۇنغان
ئوڭ قولىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى
ئايالىم مېھرىگۈل يېڭىلا چىققان بېدىدە قىلىنغان جۇۋاۋا
بىلەن گۈلشەننى يوقلاپ چىقتى. 17 ـ ئاپرېل كۈنى ما-
مۇتجاننىڭ دوستى، ئۇرۇمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجا-
رەتچى ئىمىنجان ئۆمەر خانىمى بىلەن گۈلشەننى يوقلاپ
كەپتىكەن، مەن، ئەكبەر داۋۇت قاتارلىقلار گۈلشەننى ئې-
لىپ، مامۇتجاننىڭ ماشىنىسى بىلەن تۇرپان سودا شەھە-
رىدىكى ئەلقەمنىڭ ئاشخانىسىغا تاماق يېيىشكە كىردۇق.
بۇ چاغدا گۈلشەننىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان،
بېشى ۋە يۈزىدە جاراھەت ئىزى بار، ئوڭ قولى گىپس
بىلەن قاتۇرۇپ تېڭىلغان بولسىمۇ، كەيپىياتى خېلى ياخشى
ئىدى (مامۇتجاننىڭ قازاسى ئۇنىڭغا تېخىچە ئۇقتۇرۇلمى-
غان بولۇپ، ئۇ مامۇتجاننى شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتــدۇ،
دەپ بىلەتتى). ئۇ تاماق ئارىلىقىدا ماڭا:«سىزنى يىغىندا
كۆرگەنىكەنمەن، سىز يىغىننىڭ 3 ـ كۈنى يورۇڭقاش بازد-
رىنىڭ بۇلبۇل ئارامگاھىدا شېئىرنى ئىنتايىن ياخشى دېك-
لاماتسىيە قىلغانتىڭىز»دېدى. ئىمىنجانمۇ مېنىڭ مامۇت-
جان ھەققىدىكى ماقالىلىرىمنى كۆرگەنلىكىنى قــوشۇپ
قويدى. 19 ـ ئاپرېل كۈنى مەنمۇ ئازراق ساقىسىز بولۇپ
قېلىپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆ-
لۇمىدە ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇۋاتقىنىمدا، تۇرغۇنجان نە-
مەت يېنىمغا كىردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەتە ئاقسۇغا ماڭماق-
چى بولغانلىقىنى، گۈلشەننىڭ مەن بىلەن خوشلىشىش نى-
يىتى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئوكۇلمنى تۈگىتىپ گۈلشەن-
نىڭ ياتىقىغا چىقتىم. گۈلشەن مېنى قىزغىن قارشى ئالدى.
ئۇ:«لىيالى ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئالاھىدە رەھــمــەت
ئېيتىش ئويۇم بارئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن زادى ئالا-
قىلاشقىلى بولمىدى، بىز كېتىشكە تەرەددۇتلىنىپ قالدۇق.
سىز مېنىڭ ئورنۇمدا لىيالى ئۇستامنى تېپىپ، مىننەتدارلى-
قىمنى بىلدۈرۈپ قويسىڭىز (مەن ئەتىسىلا سۈرۈشتۈرۈش
ئارقىلىق، لىيالى ئۇستامنىڭ تېلېفون نومۇرىــنى تــېپــىپ
گۈلشەننىڭ ھاۋالىسىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويدۇم)، مەن
كېيىن ئەھۋالىم ياخشىلانغاندا چوقۇم تۇرپانغا قايتا كېلىپ،
ئۇ كىشىگە كۆڭلۈمنى ئىپادىلەيمەن. يەنە زېلى دوختۇرمۇ
مېنى ناھايىتى ياخشى داۋالىدى، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭغىمۇ
گېزىت يۈزىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ قويسىڭىز» دېدى
ۋە تۇرپاندىكى مامۇتجاننىڭ دوستلىرى ھەم ئەدەبىيات
ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە كۆپلەپ مەنىۋى ياردەم-
لەرنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ھەممەيلەنگە رەھمىتىنى ئى-
پادىلىدى. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە
كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئاق يول تىلەپ خوشلاشتىم.

## ئەسلىمەلەر

11 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇ-
كاپاتى»نى تارقىتىش ۋە 7 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ
كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ
يىغىنغا تۇرپاندىن «تۇرپان»ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش
مۇھەررىرى مۇھەممەت نىيازنىڭ باشچىلىقــدا «تــۇر-
پان»ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر توختى نەمتــۇلــلا،
«تۇرپان گېزىتى»نىڭ مۇخبىر، مۇھەررىرى، شائىر ئەك-
بەر نىياز پەتتارى قاتارلىق تۆتەيلەن بارغانىدۇق. مامۇت-
جان داۋۇت ئاقسۇدىن ئۆزىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بە-
لەن خانىمى گۈلشەن، نەۋرە ئىنىسى تۇرغۇنجان نەمەت،
دوستى ئىمىنجان ئۆمەر ۋە خانىمى قاتارلىقلارنى ئېلىپ
بارغانىكەن. مەن دەسلەپتە مامۇتجاننى ئاقسۇدىن كەلگەن
شائىر، يازغۇچىلاردىن ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق، ئابباس
مۇنىياز، ئىلھام زومۇدۇنلار بىلەن بىرگە يۈرگەنلىكــىنى
كۆرۈپ، بىرەر قەلەمكەش دوستىمىز بولسا كېرەك، دەپ
ئويلىغانىدىم. يىغىننىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەمتىمىن ھوشۇر مامۇت-
جاننى تونۇشتۇرغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنى تونۇدۇم ۋە
كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتىم. يىغىننىڭ 3 ـ كۈنى كەچتە لوپ
ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرى «بۇلبۇل ئارامگاھى»دا
مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇشائىرە باشلانغاندىن كېيىن
رىياسەتچى قەشقەردىن بارغان شائىر تاھىر تالىپتىن كېيىنلا
مېنىڭ شېئىر ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلدى. مەن
«ئادەم دېگەن بۈيۈك نامدا ئاتالدىم»ناملىق شېئىرىمنى
ئوقۇپ بەردىم. يىغىن جەريانىدا مامۇتجان داۋۇت بىلەن
باشتىن ئاخىر بىللە بولغان تۇرغۇنجان نەمەت شۇ چاغ-
دىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «سىز شېئىر ئو-
قۇغاندا بىز باغنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئولتۇرغاند-
تۇق، سىز شېئىرنى ناھايىتى تەسىرلىك، ھېسسىيــاتــلــق
ئوقۇدىڭىز، شېئىرنىڭ مەزمۇنىمۇ بەك ياخشى ئىــكــەن.
مامۇتجان، گۈلشەنلەر ۋە باشقا مېھمانلار ئاغزى ـ ئاغزىغا
تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. مامۇتجان (ئەتىلەتىن پۇرسەت
بولسا ئۆمەرجان بىلەن كۆرۈشۈپ، شۇ شېئــىرنى بــىر

نۇسخا كۆپەيتىۋالساق بولغۇدەك› دېگەنىدى. لېكىن ئەتىسى سىز بىلەن كۆرۈشەلمەي قالدۇق». مەن چەكسىز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە كېچىكىپ قالغان بولساممۇ، «ئادەم دېگەن بۈيۈك نامدا ئاتالدىم»ناملىق شېئىرىم كىرگۈزۈلگەن «بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمنى تۇرغۇنجانغا ۋە گۈلشەنگە سوۋغا قىلدىم... شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىيات پېشىۋالىرى، يازغۇچى، شائىرلار يۈز كۆرۈشكەن خوتەندىكى داغدۇغىلىق يىغىن ئاخىرلىشىپ يېرىم يىل ئۆتمەيلا بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىككى باھادىر ئەزىمەت بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇلارنىڭ بىرى، ئەل سۆيگەن شائىر روزى سايىت، يەنە بىرى ئەدەبىيات ھامىيسى مامۇتجان داۋۇت ئىدى. بۇ يىغىندا مامۇتجان داۋۇت شائىر روزى سايىتقا بىر ئارغىماق (ئارغىماق سېتىۋېلىش ئۈچۈن 2000 يۈەن پۇل تەقدىم قىلغان)ھەدىيە قىلغانىدى. گۈلشەننى ئېلىپ چىقىپ، سىرتتا تاماق يېگەن كۈنى مامۇتجاننىڭ دوستى ئىمىنجاننى يانغا چاقىرىپ، «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدىم . ئىمىنجان: «مامۇتجان ھايات ۋاقتىدا پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش شىركىتىنى باشقۇرۇشقا يۇقىرى مائاش بىلەن بىر باشقۇرغۇچى تەكلىپ قىپتىكەن. قارىغاندا شىركەتنىڭ ھازىرقى پايدىسى خېلى ياخشى ئوخشايدۇ. دېمەك، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسىلە ئانچە چوڭ ئەمەس. بىز گۈلشەننى ئاقسۇغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مامۇتجاننىڭ ۋاپاتىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىمىز ھەم بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىمىز. مېنىڭچە گۈلشەنمۇ مامۇتجاننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ دەپ ئويلايمەن»دېدى.

## قەبرە بېشىدىكى ئويلار

گۈلشەننى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن گۈلشەن ۋە مامۇتجاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئاقسۇدا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى. «تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «تۇرپان»ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەت نىياز، مۇھەررىرى، شائىر ئەكبەر داۋۇت، ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا تۆتەيلەن 13 ـ ئىيۇلدىن 27 ـ ئىيۇلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرمۇش ئۆگىنىش، زىيارەتتە بولدۇق ۋە 23 ـ ئىيۇل كۈنى كەچتە ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدۇق. بۇ سەپەردە ئاقسۇغا كېلىشتىكى مۇھىم مەقسەتلىرىمىزنىڭ بىرى مامۇتجاننىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش، ئائىلىسىنى پەتىلەش، مامۇتجان قۇرغان زاۋۇتنىڭ، گۈلشەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاقسۇ تۇپرىقىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەنلا گۈلشەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

24 ـ ئىيۇل سەھەردە گۈلشەننىڭ ئىنىسى ئېزىز قارى بىلەن مامۇتجاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى تۇرغۇنجان مامۇتجاننىڭ «نىسسان»ماركىلىق ئاق ماشىنىسىنى ھەيدەپ، بىز تۇرغان ئاقسۇ مېھمانخانىسىغا كەلدى. ھازىر زاۋۇتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى بۇ ئىككىيلەن ۋە مامۇتجاننىڭ يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى ئەخمەتجان ئابدۇللا باشقۇرۇۋېتىپتۇ. ئەخمەتجان ئابدۇللامۇ مامۇتجان بىلەن بىرگە تىجارەت قىلىپ روناق تاپقان قابىل، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى بولۇپ، ئۇ دوستى مامۇتجاننىڭ 500 مىڭ يۈەن ئاتاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆز يېنىدىن 50 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «مۆلچەرتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تەسىس قىپتۇ.

بىز ئېزىز قارى ۋە تۇرغۇنجاننىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرنىڭ شىمالىغا، ئاقسۇ بىلەن كونا شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا جايلاشقان قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ ئېزىز قارىدىن مامۇتجان قۇرغان « MD شىركىتى»نىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم: «شىركەت ئاساسلىقى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ھەر يىلى 9 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. ھازىر زاۋۇت دەم ئېلىۋاتىدۇ. بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، شۇڭا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مامۇتجان ئاكام قازا قىلىپ، شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئۆزگەرتكەنلىكتىن نۇرغۇنلىغان توختام، ھۆججەت، ھەر خىل رەسمىيەت، كىنىشكىلەر، بانكا ۋە باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان ئالاقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى يېڭىدىن ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، بۇ بەك ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىشكەن. ھازىر مۇشۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىمىز»دېدى ئېزىز قارى. مانا مامۇتجان دائىم ئولتۇرىدىغان ماشىنىدا، دەل مامۇتجان ئولتۇرىدىغان ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. مەرھۇم مامۇتجان دەل مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ، تالاي ئەھمىيەتلىك سەپەرلەرگە قاتناشقان، كۆپلىگەن مەشھۇر كىشىلەر، ئالىملار، ئەدىبلەر، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغان، دەل مۇشۇ

ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ماشىنا دېرىزىسىدىن لىپىلداپ ئۆتتۇۋاتقان ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىگە، ئالدىراش ئادەملەرگە قاراپ چوڭقۇر مەنىلەرگە يوشۇرۇنغان ئىزتىراپلىق خىياللارنى چەككەن بولغىيتتى؟ مانا ھازىر تۇنۇگۇنكى بۇ ئۇلۇغۋار پىلانلارنىڭ، خىياللارنىڭ ئېتىقادلىق ئىگىسى تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. بىز ئۈچۈن، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، تالايلىغان ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن ساخاۋەت ئىگىسى بولغان مامۇتجان داۋۇت ھاياتلىق ئالەمىدىن كېتىپ قالدى. بۇ ئورۇنغا، بۇ ئورۇننىڭ ئىگىسىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ۋۇجۇدۇم قورۇنۇشتىن بوش تىترەپ ئۆتتى. نىھايەتكى، مامۇتجاننىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ، ئىرادىسىنىڭ، پاراستىنىڭ، ئېتىقادىنىڭ شولىسى ماڭا ۋە مۇشۇ كويدىكى ئىخلاسمەنلەرگە چۈشسە، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس دەريانىڭ سۈيى يەنىمۇ ئۇلغايسا، مامۇتجاننىڭ روھى يەنىمۇ ياشارغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. ماشىنا دېرىزىسىدىن لىپىلداپ ئۆتۈۋاتقاندەك ھەر بىر كىشى مامۇتجان بولۇپ كۆرۈنمەكتە، گويا ئاقسۇ شەھىرىدە بىر مامۇتجانلا باردەك!

تۇپراق بېشىغا كەلدۇق، مامۇتجاننىڭ قەبرىسى ئەمدى ياسىلىشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان بولۇپ، كىچىككىنە چوقچىيىپ تۇرغان ئاددىي بىر دۆۋە توپا بىزنى مامۇتجاننىڭ ھەقىقەتەن ئۇ دۇنيادا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزگە مەجبۇر قىلدى.

## گۈلشەننىڭ ھۇزۇرىدا

تۇپراق بېشىدىن يېنىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي چوڭ كوچىسىغا جايلاشقان مامۇتجاننىڭ ئائىلىسىگە كەلدۇق. شەرققە قاراپ تۇرغان چىرايلىق، نەقىشلىك تۆمۈر ئىشىكتىن كىرىپ، پايانداز سېلىنغان كارىدوردىن ۋە چىرايلىق بېزەلگەن ھويلىسىمان چوڭ ئۆيدىن ئۆتۈپ، تۆرىدىكى مېھمانخانىغا كىردۇق. شۇ چاغدا سەل ئورۇقلاپ قالغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن چەكسىز مۇڭ، مۇسىبەت قايغۇسى تۆكۈلۈپ تۇرغان مامۇتجاننىڭ خانىمى گۈلشەن كىرىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ھەممىمىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي، ئازابلىق سۈكۈت قاينىمىغا غەرق بولدۇق.

بىز تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا سۆز باشلىشىمىز بىلەن تەڭ گۈلشەننىڭ يوغان قوي كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلار خۇددى توسىمنى ئېلىپ كەتكەن كەلكۈندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. گۈلشەن ئىچ-ئىچىدىن بوغۇلۇپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بىزمۇ بۇ ئېغىر مۇسىبەت، جۇدالىق تۇيغۇسىدىن كۆز ياشلار كەلكۈنىگە غەرق بولدۇق. «مامۇتجان ئۆمرىدە يېتىم-يېسىرلارغا، ئاجىزلارغا، يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان نەچچىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە ماڭدۇردى، ئوقۇتتى. دۇنيادا باشقىلارغا قىلىدىغان ياخشىلىقلا بولسا مامۇتجاندىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. لېكىن تەقدىرنىڭ كۆزى يوقكەن، مۇشۇنداق ياخشى ئادەمنى نېمىشقا بىۋاقىت ئېلىپ كېتىدۇ، نېمىشقا؟» بۇ ۋاپادار، نازاكەتلىك ئايال بىر تەرەپتىن بوغۇلۇپ يىغلىسا، بىر تەرەپتىن تەقدىردىن نالە قىلاتتى. راست، شۇنچە يىل ئىللىق ئائىلىدە مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئوماق ئۈچ قىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۇل سېلىۋاتقان، ھاياتلىق سەپىرىنى قول تۇتىشىپ بىللە بېسىۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىزلا قارا قىسمەت ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى، تاغدەك يۆلەنچۈكىنى، يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى ئېلىپ كەتسە كىممۇ يىغلىمىسۇن؟ بۇ ۋاقىتسىز كەتكەن ئوغلانى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن «يۆلىنىدىغان تاغ»ئىدىغۇ! شۇڭا بۇ ئوغلان ئۈچۈن گۈلشەنلا ئەمەس، يەنە مىڭلىغان كىشىلەر يۈرىكىدىن ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ!

«رەھمەتلىك بىرەر يازغۇچى، شائىرنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا قالسا، ھەرقانداق ئىشنى تاشلاپ ئالدىغا چىقاتتى. يازغۇچى، شائىرلارنى ئىنتايىن چوڭ كۆرەتتى. ئۇلارغا قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردەم بولسا قىلاتتى. مانا، مەرھۇم ھايات بولغان بولسا سىلەرنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭلارنى ئۇقسا قانچىلىك خۇش بولاتتى،قانچىلىك قىلىپ كېتەتتى - ھە! مانا ئەمدى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا چىقىدىغان مامۇتجان ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى ...» گۈلشەننىڭ پەريادى ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى. «باشقىلار پۇل تاپسا ئاينىپ، ئائىلىسىدىن سوۋۇيدىغان، ئايالى، بالىلىرىنى خارلايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. لېكىن مەرھۇم ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي ئىدى، ناھايىتى پەزىلەتلىك ئىدى. توي قىلىپ ھازىرغا قەدەر ماڭا بىرەر قېتىممۇ قاتتىق-يىرىك گەپ قىلىپ باقمىغان، ناھايىتى ئىناق ئۆتكەنىدۇق. مانا ئەمدى...» گۈلشەنگە قوشۇلۇپ خېلى ئۇزۇن يىغلاشتۇق. گۈلشەن ئازراق پەسكويغا چۈشۈپ بىزگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى. «بىز تۇرپاندا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ۋە مەن ئۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە سىلەر بىزگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدىڭلار، يەنە ‹تۇرپان› ژۇرنىلى، ‹تۇرپان گېزىتى› مامۇتجان توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ ماقالە

تەشكىللەپسىلەر، بۇ ماقالىلارنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئادەم دېگەن باشقا كۈن چۈشكەندە ئاندىن ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدىكەن. بۇ قېتىم يەنە ئائىلىيەتەن تۇرپاندىن بىزنى يوقلاپ كەپسىلەر، بۇ ياخشىلىقلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز، بەلكىم سىلەردىن مامۇتجاننىڭ روھمۇ خۇش بولۇۋاتقاندۇ...»دېدى گۈلشەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

بىز مېھمانخانا ئۆيدىن چىقىپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئۆيگە چىقتۇق. بۇ ئۆينىڭ بېزىلىشى بىزنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. بۇ قوبۇلخانا ھېسابىدىكى چوڭ ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆينى كېسىپ ئۆتۈپ سىرتقا چىققىلى ۋە ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرگىلى بولاتتى. ئۆينىڭ ئۈستى ئەينەك بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۆگزىسىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى چوڭ ھاۋا تەڭشىگۈچ ئۆيگە سالقىن ھاۋا پۈركۈيتتى. ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىگە كىچىك بىر سۈنئىي تاغ، فونتان، چىملىقلار ياسالغان، چىرايلىق قەپەستە قۇشلار سايراپ تۇرغان بولۇپ، بۇ ئۆيگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئەڭ مەنىلىكى تاملارغا مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاماننىسا خېنىم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئېسىلغان، تام ياقىلاپ چىنار دەرىخىدىن ياسالغان قىزىل كرېسلولار قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۆي ھەقىقەتەن ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ قىزغىن مۇنازىرە، مۇھاكىمە، مۇشائىرە سورۇنلىرىغا باپ كېلەتتى. بىز يەنە مەرھۇمنىڭ كىتاب ئۈستىلىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى كىتاب ـ ژۇرنالالارنىڭ تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئەدەبىياتقا چىن يۈرىكىدىن ئىشتىياق باغلىغان مەرھۇم پۈتۈن ئائىلىسىنى قويۇق ئەدەبىيات مۇھىتىغا ئىگە قىلدى. بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا گۈلشەنگە دېمەكچى بولغان، ئەمما بوغۇزۇمغا كەپلەشكەن ئاچچىق يىغىنىڭ سەۋەبىدىن دېيەلمىگەن گەپلىرىمنى ئۈنسىز پىچىرلىدىم:«گۈلشەن سىزنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى ئازابىڭىزنى، كۆز ياشلىرىڭىزنى، چەككەن پەرياد ـ نادامەتلىرىڭىزنى تامامەن چۈشىنىمىز، باھاسىز غورۇرلۇق ئەركەكتىن ئايرىلغان سىز ۋە بىز مۇشۇنداق بوغۇلۇپ يىغلاشقا ھەقلىقمىز. كۆز ياشلىرىڭىز قەلبىڭىزدىكى ئازابلارنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەتسە ئەجەب ئەمەس. بىراق، سىز تەگسىز جۇدالىقتىن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، سالامەتلىكىڭىزنى زىيانغا ئۇچراتسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. مامۇتجان قازا قىلغاندىن باشلاپ سىزنىڭ ئورنىڭىز ئۆزىڭىزگىلا تەۋە بولۇشتىن خەلققە، مىللەتكە تەۋە بولۇشقا ئۆزگەردى(ئىلگىرى مامۇتجانمۇ شۇنداق ئىدى). ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، شىنجاڭدىكى پۈتۈن ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنىڭ كۆزى، قۇلىقى سىزدە. سىز كۆز ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېتىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مامۇتجاننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلمىسىڭىز، ئۇنىڭ مۆرىۋەتلىك ئىشىنى داۋاملاشتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مامۇتجاننىڭ روھى سىزنى مەڭگۈ يۆلەيدۇ.»

گۈلشەن بىلەن خوشلىشىپ، غەربىي چوڭ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، ئاقسۇ شەھرىنىڭ ئىگەچى يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان « MD شىركىتى»گە يەنى مامۇتجان قۇرغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۆنجۈرە، ئاقسىل پىششىقلاپ ئىشلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە كەلدۇق. بۇ پاختىنى خام ئەشيا قىلىپ، چىگىت، قىسقا تالا، مېغىز شاكال قاتارلىقلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئايرىپ، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇيدىغان، پاختىنى پىرىسلاپ ساتىدىغان، كۆلەملەشكەن، يۈرۈشلەشكەن، زامانىۋى زاۋۇت بولۇپ، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا 21مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغانىكەن. بىز زاۋۇتنىڭ غەربكە قارىغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ، زاۋۇت ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈردىن ياسالغان، چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغان ئۈچ غوزەك پاختىنىڭ شەكلىنى، بىتونلاشتۇرۇلغان ئازادە مەيدانلارنى، ئۈچ چوڭ زاۋۇت بىناسىنى، زاۋۇت ئىچىنى رەت ـ رەت تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان چىرايلىق ئاسفالىت يوللارنى، يول بويىدىكى ئېرىقلاردا كۆكلۈرۈپ تۇرغان قارىغاي، سۆگەتلەرنى، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىغا سېلىنغان ئائىلىلىكلەر قورۇلىرىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھاياجانلاندۇق. «بۇ سۆگەت، قارىغايلارنى مامۇتجان ئاكام بېيجىڭغا مېڭىشتىن سەل بۇرۇن ئۆز قولى بىلەن قويغان ئىدى» دېدى ئېزىز قارى كۆزىگە ياش ئالغىنىچە ئېرىقلاردا ياشىرىپ تۇرغان قارىغايلارنى كۆرسىتىپ. «زاۋۇتتا 801 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ، ئىش ئورنىدىن قالغانلارمۇ، مېيىپ، ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلارمۇ بار. زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىكلار تۇتۇپ ئىشلەيدۇ، شۇڭا مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېرىدارلار ئۆزلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ»دېدى تۇرغۇنجان چۈشەندۈرۈپ.

«مامۇتجان ئاكام ئاۋات ناھىيىسىدىكى چاغدا ئاشلىق، ماي سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ـ دېدى ئېزىز

قارى سۆز قىستۇرۇپ، 1994 ـ يىلى ئاقسۇ شەھرىگە كۆ-
چۈپ كىردى. 2001 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنى قۇردى. زاۋۇتنىڭ
ئىشلىرى ئەمدى يۈرۈشۈپ، روناق تېپىۋاتقاندا بۇ پاجىئە
يۈز بەردى. ھازىر گۈلشەن ئاچام زاۋۇتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى
بولدى. ئىلگىرى زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ باقمىغان
بولسىمۇ، مامۇتجان ئاكامنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش
ئىرادىسى كۈچلۈك. بىزمۇ زاۋۇتنى يېڭى بىر يىللىق ئىش-
لەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قى-
لىۋاتىمىز، ھەر ھالدا بۇ يىلمۇ زاۋۇتنىڭ پايدىسى ياخشى
بولار دېگەن ئۈمىدتىمىز». توغرا، ئۈمىد ئادەمنى پارلاق
كەلگۈسىگە باشلايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان
«ئۈمىد»سالمىقى ئاجايىپ زور بولغان نەچچە مىڭلىغان
خەلقنىڭ، ئەدەبىيات ئىخلاسمەنلىرىنىڭ، ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئۈمىدى بولۇپ، مەرھۇم مامۇتجاننىڭ، گۈلشەن،
ئېزىز قارى، تۇرغۇنجان، ئەخمەتجان ئابدۇللا قاتارلىق
قېرىنداشلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ساخاۋىتىدە بۇ ئۇلۇغ ئۈمىد
چوقۇم پارلاق ئىستىقبال تاپقۇسى!

## «مەرھۇم ئىنتايىن ساخاۋەتلىك ئىدى»

كەچقۇرۇنلۇقى مەرھۇم مامۇتجاننىڭ جان ـ جىگەر
دوستلىرى، قېرىنداشلىرىدىن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇر-
نىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇرېشىت بارات، «ئاقسۇ
گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى ئابلىز ئوسمان، مەرىپەتپەرۋەر
كارخانىچى ئەخمەتجان ئابدۇللا، ئېزىز قارى، تۇرغۇنجان
نەمەت قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇق. سۆھبەت
تەبىئىي ھالدا مامۇتجان ھەققىدە بولۇندى. دەسلەپتە
ئابلىز ئوسمان بىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:
«‹تۇرپان›ژۇرنىلى ۋە ‹تۇرپان گېزىتى›دىن ئىبارەت
ئىككى مەتبۇئات مامۇتجاننى تەشۋىق قىلىش، مامۇتجان-
نىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشتە ئاجايىپ زور رول ئوينى-
دى. مامۇتجاننىڭ پەقەت تۇرپاندا قاتناش ھادىسىسىگە
ئۇچرىغانلا يېرى بار، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ‹تۇرپان›
ژۇرنىلى مامۇتجان ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاجراتتى.
‹تۇرپان گېزىتى› مامۇتجان ھەققىدىكى ئەدەبىي خاتىرىنى
ئۇدا ئالتە ساندا ئۇلاپ بەردى. تۇرپاندىكى بۇ ئىككى
مەتبۇئاتنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇملىقىنى
چىقىش قىلىپ بۇنداق مەردلىك بىلەن ماقالە تەشكىللىشى
باشقا مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. بىز ھەر خىل
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى تۇرپانلىقلاردەك تەشۋىق قى-
لالمىدۇق. بىز بۇ جەھەتتىن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىنتا-
يىن خىجىللىق ھېس قىلىمىز. مامۇتجاننىڭ ياخشى سۈ-
پەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئىنتا-
يىن مەرد، ساخاۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلغان،
مەنپەئەت يەتكۈزگەن، ياردەم قىلغان ئادەملىرى ئىنتايىن
كۆپ. شۇڭا مامۇتجاننى قانچە مەدھىيىلىسەك ئەرزىيدۇ.

توغرا ،ـ دېدى ئابدۇرېشىت بارات، بىزنىڭ يېزى-
ۋاتقانلىرىمىز مامۇتجاننىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ نەچچە
يۈزدىن بىرى خالاس. مەن بىر ئاددىي ئىشنى مىسال
كەلتۈرەي:

مامۇتجاننىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى بىر ئىش مەڭگۈ
ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدىكەن. مامۇتجان بالىلىق ۋاقىتلى-
رىدا ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئۆيىدە يالغۇز قاپتۇ. ئەيتاۋۇر
ئاتا ـ ئانىسى بىر ياققا كەتكەن ۋاقىتمۇ ئىشقىلىپ، قور-
سىقى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ ۋە چىدىيالماي يىغلاپ سىرتقا
چىقىپتۇ. مەھەللىدە بىر قوشنا ئايال تونۇردىن نان سو-
يۇۋاتقانىكەن، يىغلاۋاتقان مامۇتجاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ
تونۇرنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، پې-
شانىسىگە سۆيۈپ، يېڭىلا سويۇلغان ئىسسىق ناننى ئۇنىڭ
قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئاچ قورساق ۋاقىتتىكى مەززىلىك،
ئىسسىق نان، يالغۇزلۇقتىكى مېھرىبان ئايال مامۇتجاننىڭ
خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قاپتۇ. يېقىندا مامۇتجان
تۇيۇقسىز نەچچە ئون يىللار بۇرۇنقى ھېلىقى مېھرىبان
ئايالنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاۋات
ناھىيىسىدىكى بۇرۇنقى ئۆيىگە كەپتۇ. ئايالنىڭ ئۆيىگە
كىرسە ياشىنىپ قالغان، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان
ئايال داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئاغرىق ئازابىدا
ياتقانىكەن. مامۇتجان بۇ ئايالنى دەرھال ئاقسۇغا، كېيىن
ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ، ئۆز يېنى-
دىن 17 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل سەرپ قىلىپ، بۇ ئايالنى
داۋالىتىپ ساقايتىپتۇ ۋە دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كې-
يىنمۇ داۋاملىق ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ.

مۇشۇ مىنۇتلاردا مامۇتجاننىڭ روھى ئەتراپىمىزدا
ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى، ئەھدىلىرىمىز-
نى ئالقىشلاۋاتقاندەك، بىزگە مەدەت بېرىۋاتقاندەك قەلبىم
بىر خىل تۇيغۇغا چۆمگەنىدى. ئەتىسى سەھەردە مامۇت-
جاننىڭ بۇ قېرىنداشلىرى بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا
خوشلىشىپ، مامۇتجاننىڭ روھىنى ئېلىپ، تۇرپان دىيارىغا
يۈرۈپ كەتتۇق.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

MIRAS

# تۆھپىكارلارغا مۇبارەك

**«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ‹گۈلزار مۇكاپاتى›»نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز**

**ھېيتەم ھۇسەيىن**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يىغىن ئەھلى!

بۈگۈن بىز بۇ يەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان كاتتا مەردىكىگە يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەرد ئوغلانى، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى مەرھۇم مامۇتجان داۋۇتنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە تەسىس قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ‹گۈلزار مۇكاپاتى›»نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەخىرلىك پېشۋالىرى، مەرد تۆھپىكارلىرى قەلبىمىزدە چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە يادلىنىۋاتقان، «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ ئىگىدارلىرى شان ـ شەرەپ ۋە ئالقىش ئىچىدە تارتۇقلىنىۋاتقان شادلىق ۋە ھاياجانغا چۆمگەن بۇ تەنتەنىلىك مەرىكىدە، مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى، ھەيئەت رىياسەتى، سېكرېتارىيەتى نامىدىن، شۇنداقلا ئۆز نامىمدىن بۈگۈنكى يىغىلىشقا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلارغا، ئاخبارات خادىملىرىغا ۋە بارلىق مېھمانلارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ ئۇل سالغۇچىسى مامۇتجان داۋۇتنىڭ سادىق ھەمرىيى ، مەرھۇمنىڭ ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ جان كۆيەرى گۈلشەن خانىمغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن!

يولداشلار! ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلققە مۇھتاج، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مۇھتاج. خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ خەلقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزدا «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە بۇلتۇردىن باشلاپ مۇكاپاتنىڭ رەسمىي تارقىتىلىشى ئىككى يىلدىن بۇيان دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ياندىشىپ ھالدا جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتتى ۋە ئۇلارغا زور ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، ئەدىبلەرنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ يايشىنىشىغا تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ جان بىلەن تەندەك تەقدىرداش، تومۇرداش ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ھەقىقىي تۆردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى چىن مەنىسىدىن نامايان قىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ياخشى باشلىنىش ۋە ياخشى كەيپىيات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئاكتىۋال، تېخىمۇ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ جەزبىدار، نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا، خەلقىمىزنىڭ ئەل سۆيەر ئوغلى مامۇتجانغا ئوخشاش ئوغلانلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغۇسى!

003

يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ قېتىمقى
باھالاش جەريانىدا باھالاش ھەيئىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكــــدە،
خۇددى ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان-
لىق روھى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن باھالاشتا ئادىل بو-
لۇش، خالىس بولۇش، ئوچۇق ـ ئاشكارە بولۇش ۋە ئىنا-
ۋەتلىك بولۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋىلىكى ۋە
بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى ، خەلقنى تەربىيــــلەش
قىممىتىگە ئىگە، كەڭ جامائەتچىلىك ۋە ئوقۇرمــەنلــەر
ئېتىراپ قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقالىدى.
شۇنداقلا ئىنچىكە كۆرۈش، قايتا ـ قايتا سېلىشتــۇرۇش،
قايتا ـ قايتا غۇلغۇلا قىلىش، خەلق رايىنى سىناش، يو-
شۇرۇن ئاۋاز بېرىش قاتارلىق دېموكراتىك ئۇسۇل ۋە
ئۇنۇملۇك چارىلار ئارقىلىق باھالاپ چىقتى. شۇڭا مەن بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ بۇ خىل مەسئۇلىيەتچان،
خالىس روھى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە مىننــەتدارلــىق
بىلدۈرىمەن ھەمدە بۇ نۆۋەتلىك «گۈلزار مۇكاپاتى»غا
مۇيەسسەر بولغان، «ئانا يۇرت» ترولوگىيىسىنىڭ ئاپ-
تورى، قەدىردان دوستىمىز، ئىستېداتلىق يازغۇچىمــىز
مۆھتىرەم زوردۇن سابىر ئەپەندىنى ئالىي ھۆرمەت ۋە
كۈچلۈك سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەيمەن ۋە مەرھۇمــنىڭ
ئائىلە تاۋاباتلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن مۇبارەكلەيمەن!

«تىمتاس شەھەر»ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلى-
مىنىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ پەخرى، تا-
لانتلىق يازغۇچىمىز خالىدە ئىسرائىل خانىمنى قىزغىن
تەبرىكلەيمەن. مۇبارەك بولسۇن!

مېھمانلار، دوستلار!

بىز جۇڭگو مىللەتلىرى گۈللەپ ـ ياشنايدىغان بىر
خاسىيەتلىك ئەسىردە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىــيەت
قۇرۇدىغان، ئىلغار، سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىنى-
دىغان ئەڭ ياخشى بىر تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمــىز.
پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك
قىلىش»مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە، غەربىي رايوننى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتەك غەنىمەت
پۇرسەت بىزنى كەڭرى ئىمكان، كەڭرى مەيدان ۋە ئو-
ڭۇشلۇق شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلىمەكتە. 16 ـ قۇ-
رۇلتاي تۇغى جەۋلان قىلىۋاتقان يېڭى دەۋر بىزنى گۈزەل
ئىستىقبالغا ئۈندىمەكتە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلەشكــە
چاقىرماقتا. بۇ دەل بۈيۈك يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلار
مەيدانغا كېلىدىغان دەۋر. چوڭ ـ چوڭ نادىر ئەسەرلەر
ۋۇجۇدقا چىقىدىغان دەۋردۇر. شۇڭا ئىنسان روھــنىڭ
ئېنژېنېرلىرى ئاتالغان بىز ئەدىبيات ـ سەنئەتچىلەر نۆ-
ۋەتتىكى ئاسان قولغا كەلمىگەن تارىخىي تەرەققــيــات
پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھە-
سىنىڭ ئېتىياجلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىر ـ
بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئېتىراپ قىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلق
مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلى-
يەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ئاساسىي مېلودىيــنى
ياڭرىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرى-
لەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دەۋرنىڭ روھىي
قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى
گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلقنى تەربىيىلەيدىغان، بەدىئىي-
لىكتە يېڭىلىق ياراتقان، يۇقىرى سۈپەتتە ئالاھىدە ئەھ-
مىيەت بېرىلگەن، ھەقىقىي ھالدا ئوبراز يارىتىلغان نادىر
ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە كۈچ چىقىرىشىمىز
لازىم.

ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى، بۈگۈنكى مۇكاپات تارقى-
تىش مۇراسىمى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە تولىمۇ ئەھمىيەت-
لىك بىر يىغىن، كاتتا مەرىكە، خاسىيەتلىك پائالىيەت. ئە-
شىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ‹گۈلــزار
مۇكاپىتى›»نىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە ئاپتونوم رايونى-
مىنىڭ ھەر مىللەت ئەدەبىي ئىجادىيەت بېغىمىزدا تېخىمۇ
كۆپ، تېخىمۇ جۇلالىق رەڭمۇرەڭ گۈللەر چېچەك ئاچ-
قۇسى.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

2002 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر

# ئۇيغۇرلاردا خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ تارىخى

ئەنۋەر سەمەد



2003.2

خەتنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «سۈننەت قىلىش»، «ئولتۇرغۇزۇش»، «ياتقۇزۇش» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. خەتنە قىلىشقا دائىر مۇراسىملار «خەتنە توي»، «سۈننەت توي» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەتنە قىلىش ئىنسان ھاياتىدىكى تۇغۇلۇش مۇراسىمىدىن كېيىن گۆدەكلىك مەزگىللىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئاممۋى پائالىيەت بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى خەتنە قىلدۇرۇپ، مۇناسىپ مۇراسىم شەكىللىرى بىلەن بۇ پائالىيەتنى تەبرىكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خەتنە قىلىش قايسى دەۋردىن باشلانغان، قايسى مىللەت ياكى خەلقلەردىن تارقالغان؟ دېگەن مەسىلىلەر بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنى يېشىش ئۇيغۇر خەلقىدە ئاممۋى ئەنئەنە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان خەتنە مۇراسىمىنى چۈشىنىشتە مۇھىمدۇر.

«خەتنە»نىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى «پاكلىنىش»بولۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا شۇ نام بىلەن ئۆزلىشىشى ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەتنە قىلىش كۆپىنچە ئوغۇل بالىلارنىڭ ئەرلىكى (چۈلدۈر)نىڭ ئۇچى تەرەپ قېپىنى كېسىپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. بىز يەرلىك ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ پائالىيەتنىڭ دىني ئەقىدىلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلار ئىچىدە خەتنە قىلىشنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بارلىقى ھەققىدە ئاساسلىنىدىغان يېگانە مەنبە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركي تىللار دىۋانى»بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە خەتنە قىلىشقا دائىر بايانلار ئۇچرىمايدۇ. «تۈركي تىللار دىۋانى»دا مۇئەللىپ «ئارتتى» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئارتتى، تازىلىدى. ئۇ بوغداي ئېرتتى. ئۇ قوزا پىچتى. بالىنى خەتنە قىلىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» (1).

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەتنە قىلىش ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان پائالىيەتتۇر. بىز بۇنى بىۋاسىتە ھالدا نېستورىئان دىنىغىچە سۈرۈشتۈرەلەيمىز. خرىستىئان دىنىدىن نېستورى مەزھىپى مىلادىيە 431 ـ يىلى شەكىللەنگەندىن كېيىن، رىم پاپىسىنىڭ مىلادىيە 438 ـ يىلى قاتتىق باستۇرۇشىدىن ئامان قالغان بىر قىسىم نېستورىئان دىنى مۇخلىسلىرى شەرققە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىن «تەدرىجىي ھالدا شەرققە تارقىلىدۇ. تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ 6 ئەسىرلەردە پىرسىيە ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىدۇ» (2). نۆۋەتتە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان نېستورىئان دىنىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر بۇ پىكىرنى دەلىللەيدۇ. دېمەك، خەتنە قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئەچىدە مىلادىيە 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپلا تارقىلىشقا باشلىغان. بىز بۇ ئادەتنى شۇ دەۋرلەردىن باشلاپلا ئومۇملىشىپ كەتكەن، دەپ ئېيتالمىساقمۇ، بىراق نېستورىئان مۇخلىسلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغانلىقىدا گەپ يوق. شۇ سەۋەبتىن مەھمۇد قەشقەرى خەتنە قىلىشنى

بىلدۈرىدىغان «ئارتتى» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ
لېكسىكىسى ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ.

خەتنە قىلىش ئادىتىنىڭ ماكان ۋە زامان دائىرىسىدىن
سۆز ئاچساق، بۇ ئادەت ھازىرغىچە ئىسلام دىنى، يەھۇ-
دىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانچى
خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان ۋە قەدەممۇ
قەدەم باشقا خەلقلەر ئارىسىدىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. بۇ
ئادەتنىڭ تارىخىنى يىراق تارىخىي دەۋرلەردىن، پەيدا
بولغان يېرىنى نىل دەرياسى ۋادىلىرى، ئېفىئوپىيە قاتار-
لىق جايلاردىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. قەدىمكى يۇنان
تارىخچىسى ھىرودوت «تارىخ» دېگەن كىتابىدا «مە-
سىرلىقلار، ئېفىئوپىيىلىكلەر خەتنە قىلىش ئادىتى بولغان
ئەڭ قەدىمكى خەلقلەر بولۇپ، باشقا خەلقلەر مىسىرلىق-
لاردىن ئۆگەنگەن(3)»دەپ يازىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنىڭ
بەلگىلىك تارىخىي ئاساسى بار، بۇنىڭ يەنە باشقا دەلىل-
لىرى شۇكى، ھازىر قاھىرە دۆلەتلىك مۇزېيىدا كۆرگەز-
مىگە قويۇلغان، بۇندىن تەخمىنەن تۆت مىڭ نەچچە يۈز
يىل ئىلگىرىكى يالىڭاچ روھانىي ھەيكىلىدىن بۇ روھا-
نىينىڭ خەتنە قىلدۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە
مىسىر ئېھراملىرىدىن بىرىنىڭ ئىچىدىن (مىسىر پىرئە-
ۋىنلىرىدىن پادىشاھ ساكارا XV نىڭ قەبرىسى) تېپىلغان
بىر پارچە تام سۈرىتىدە بىر روھانىينىڭ كىچىك بىر بالى-
نىڭ خەتنىسىنى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋە خەتنە قىلى-
ۋاتقان ھالىتى سىزىلغان ئىككى بۆلەك رەسىم بار. مانا بۇ
ئەرلەر خەتنىسىگە دائىر ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىي پاكىتلار-
دۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پىرئەۋنلەر زامانى بۇنىڭدىن
3500 ـ 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردۇر.

خەتنە قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىنى يەھۇ-
دىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىدا ھەمدە ئىسلام دىنىدىمۇ
پەيغەمبەر ئىبراھىمغا باغلايدۇ. ئىبراھىم پەيغەمبەر بۇ-
نىڭدىن تەخمىنەن 3700 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن بولۇپ،
بابىل زېمىنىدا تۇغۇلغان. ئۇ پەيغەمبەر نوھنىڭ ئوغلى
سامنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس
كىتابى «تەۋرات»تا خاتىرىلىنىشىچە «تەڭرى ئىبراھىمنى
بارلىق خەلقلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا
ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپ سەككىز كۈندىن كېيىن خەتنە
قىلدۇرۇشنى ۋە خەلققە بۇ ئادەتنى ئۆگىتىشنى، خەتنە
قىلدۇرمىغان ئەرلەرنى ئۆزلىرى ئارىسىدىن ئەھدىگە ۋاپا
قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇغان» (4).
شۇنىڭدىن كېيىن خەتنە قىلىش سام ئەۋلادلىرىغا ئادەت
بولغان. خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىن-
جىل»دا ئەيسا پەيغەمبەر ۋە يەھيا پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇ-
غۇلۇپ سەككىز كۈندىن كېيىن خەتنە قىلدۇرۇلغانلىقى
تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى
جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئادەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ
تارقالغان. ئەرەبلەر سام تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر
بولۇش سۈپىتىدە ئۇلاردا بۇ ئادەتنىڭ بۇرۇنلا بولۇشى
تەبىئىي. «قۇرئان»دا خەتنە قىلىشقا ئائىت خاتىرىلەر
بولمىسىمۇ بىراق بىر ھەدىستە كەلتۈرۈلۈشىچە مۇھەممەد
پەيغەمبەر خەتنە قىلىشنى ئىنسان جىسمانىيىتىگە دائىر ئون
تۈرلۈك سۈننەتنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنداق قىلىپ
بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت تېخىمۇ قويۇق دىنىي تۈس ئېلىپ
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تار-
قالغان. ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنىدىكى خەتنە قىلدۇرۇش
يېشى 6 ـ 7 ياش ئەتراپىدا بولسا، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان
دىنىدا ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپ سەككىز كۈندىن كېيىن
ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئادەتنىڭ يەتتە ياش ئەتراپىدا ئېلىپ
بېرىلىشقا بېكىتىلىشى ئېھتىمال بالا تۇغۇلۇپ سەككىز
كۈندىن كېيىن خەتنە قىلدۇرغاندا، ئەينى دەۋر قالاق
تەبىئىي مۇھىت شارائىتىدا بوۋاقنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتە-
دىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بولسا كېرەك.

يۇقىرىقىلار ئوغۇللار خەتنىسىگە ئائىت تارىخىي
جەريانلاردۇر. قىزلار خەتنىسىگە ئائىت تارىخىي پاكىتلار
ۋە خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز ۋە تۇتۇق بولسىمۇ، بىراق بۇ
ئادەتنىڭ ھازىر ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەر-
قىي ئافرىقىدىكى قىسمەن خەلقلەردە ساقلىنىپ داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇ ئادەتنىڭ ئۇ خەلقلەردە قاچاندىن
تارتىپ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي ھۆججەتلەر يوق.
بەزى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزلارنى خەتنە قىلىش مىلا-
دىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرلەردە مىسىر، ئېفىئوپىيە، لى-
ۋان، سۈرىيە قاتارلىق ئەللەردە پەيدا بولغان ۋە ئادەت
سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. قىزلارنى خەتنە
قىلىش 10 ـ 13 ياشلار ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بو-
لۇپ، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتىنىڭ ئازلىقى، ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىر-
لىقى سەۋەبلىك ۋە قىز ـ ئاياللارنىڭ سالامەتلىكى، كى-
شىلىك ھوقۇقىغا قىلىنغان ئېغىر زىيانكەشلىك ھېسابلان-
غاچقا، بۇ ئادەت ھازىر دۇنيا مىقياسىدا كۈنسېرى تۈگەپ
بارماقتا.

قىسقىسى، خەتنە قىلىش ئاساسەن ئوغۇللارغا قارىتىل-
غان، دىنىي قاراش بىلەن باغلانغان ئادەت بولۇپ، ئۇي-
غۇرلار ئوغۇللار خەتنىسىگە ئائىت تارىخنى خرىستىئان
دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىغا قىسمەن تارقالغان مەزھىپى
نىستورىئانىزىمغا باغلايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ 10 ـ ئە-
سىردىن باشلاپ تەدرىجىي ئومۇملىششقا باشلىغان ئىسلام
دىنى ئەقىدىسىدە خەتنە قىلىش دىنىدىكى ئادەم جىسمانى-
يىتىگە ئائىت ئون تۈرلۈك پاكلىنىش تەلەپلىرى (ياكى

سۈننەت)نىڭ بىرى سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىپ، مۇراسىم شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. خەتنە قىلىش ئاشۇ ئون تۆرلۈك سۈننەتنىڭ بىرى بولغاچقا ھەم «سۈننەت قىلىش »دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

«سۈننەت ئاممۇۋى تېببىي قاراش بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان» (5). پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئالىملار ئوغۇللارنىڭ جىنسىي ئەزا قېپىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇشى ئاسانلا كىر يىغىلىپ قېلىپ جىنسىي ئەزا راكى ۋە باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئۈستۈن سەھىيە بىلىمىگە ھەيران قالدى. بەزى فىلولوگلارنىڭ مۇھاكىمىسى بويىچە، خەتنە قىلىش قەبىلىلەر دەۋرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن كەلگەن. قەبىلىلەر ئارا جىددىي توقۇنۇش بولۇۋاتقان دەۋرلەردە قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش، قەبىلە مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ باتۇر، قورقماس جاسارەتكە ئىگە بولۇپ، تەربىيىلىنىشىگە موھتاج ئىدى. شۇڭا ھېچقانداق دورا ئىشلەتمەستىنلا بەدەننىڭ بىرقىسمىنى كېسىپ تاشلاش ـ ئوغۇللارغا قارىتا باتۇرلۇق ئۆتكىلىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلانغان. مانا بۇ ئادەت قەبىلىلەر ئىچىدە ئومۇملىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرى ۋە مىللەتلەر شەكىللىنىش دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك دىنىي تۈسلەر قوشۇلغان.

خەتنە قىلدۇرۇشنىڭ ئەزەلدىن مۇقىم مۇراسىم شەكلى بولمىغان. بالىلىرىنى خەتنە قىلدۇرغاندىن كېيىن ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ كۆلىمى ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارغا خەتنە قىلىش ئادىتى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئاممۇۋى ئەنئەنە سۈپىتىدىكى تېببىي قاراشلار بىلەن دىنىي ئەقىدە ئۆزئارا بىرىكىپ ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىملىرىدا مۇھىم، قەتئىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك يوسۇنغا ئايلانغان.

خەتنە توي مۇراسىمى ئەزەلدىن ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قارىشىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر بىرقەدەر كىچىك دائىرىدە ئائىلە زىياپىتى بەرسە، بەزىلەر كەڭ دائىرىلىك مەخسۇس مېھماندارچىلىق شەكلى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. قايسى خىلدىكى خەتنە توي مۇراسىمى بولسۇن، مېھماندارچىلىق ئوبيېكتى قولۇم ـ قوشنا ، دوست ـ بۇرادەر ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولىدۇ. ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى خەتنى قىلدۇرۇشنى ئۇلارنىڭ 6 ـ 7 ياش ۋاقىتلىرىدا، كۆپىنچە باھار ۋە كۈز پەسىللىرىنى تاللاپ ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە خەتنە قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئۇستىلار «سۈننەتچى»، «خەتنىچى»، «ئابدال»، «كەسكەك» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. رايونلار ئارا خەتنە قىلىش جەريانى ۋە ئارقىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملاردا ئاز ـ تولا پەرق بولسىمۇ، بىراق خەتنە تويىنىڭ جەريانى ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ:

ئادەتتە بالا يەتتە ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىلدە ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ خەتنە تويىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇقتۇرۇپ، خەتنە قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى، ئۇنىڭدىن قورقماسلىقى، جاسارەتلىك بولۇش ھەققىدە ئەپچىللىك بىلەن «ئۆگۈت» قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا باشقا بالىلارنىڭ خەتنە تويىغا قاتناشتۇرۇپ، خەتنە قىلىش ئەمەلىيىتىنى بىر قانچە قېتىم كۆرسىتىش ئارقىلىق، بالىدا خەتنە قىلدۇرۇشتىن قورقماسلىق ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ بالىنى خەتنە قىلدۇرۇشقا ياتقۇزىدۇ. خەتنە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈنى بالىنىڭ تەڭتۇشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلىرىمۇ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ. بالا ئۈچۈن يېڭى ئورۇن ـ كۆرپە ۋە يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەر تەييار قىلىنىدۇ. بۇ كۈندە بالا بىلەن ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى بايرام شادلىقىغا چۆمۈشىدۇ. شۇ ئائىلىدە بولسا مۇۋاپىق توي داستىخىنى تەييارلىنىدۇ. خەتنە قىلىدىغان ئۇستىنى ئىززەت ۋە ئېكرام بىلەن كۈتىدۇ. مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا خەتنە قىلىش باشلىنىدۇ. خەتنە قىلدۇرۇلىدىغان بالىنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇستا بالىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 2 ـ 3 كىشىنى ھەمراھ قىلىپ بالىنى ياتقۇزۇشقا تەييارلانغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. خەتنىچى ئۇستا خەتنە جابدۇقلىرىنى بالىغا كۆرسەتمەيدۇ ھەمدە بالىنى ئەركىلىتىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كىيىمىنى سېلىشقا كۆندۈرىدۇ. ناۋادا بالا قورقۇپ ئۇنىمسا، باشقىلار بۇگۈن ئۇستا تەييارلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، كېلەر ھەپتە كېسىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ گوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تاغىلىرىدىن بىرى ياكى باشقا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدىن بىر كىشى بالىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى بالىنىڭ

ئازابتىن ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالماسلىق ۋە ئەدەپ ـ ھايا تۇيغۇلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇستا تېزلىك بىلەن قۇمۇش قەلەمدە بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچى تەرەپ قېپىنى قىسىپ ئۆتكۈر ئۇسترا بىلەن تېزلا كېسىپ تاشلايدۇ ۋە ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان كۆيدۈرۈلگەن پاختىنى قان توختىتىش ئۈچۈن كېسىلگەن جايغا بېسىپ قويىدۇ. بالا يىغلاپ كۆپ بىئارام بولۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن پىشۇرۇلغان تۇخۇمدىن بىرنى ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ. بالا ئاغرىق ئازابىنى تۇخۇمنى چايناش بىلەن بولۇپ كېتىپ مەلۇم دەرىجىدە ئۇنتۇيدۇ. كېسىلگەن جاي كۆيدۈرۈلگەن پاختا تەسىرىدە ئاغرىشتىن سەل بېسىقىدۇ ۋە قان توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويىدۇ. بالىنىڭ خەتنىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خەتنىچى ئۇستامغا بىر كىيىملىك رەخت ياكى مەلۇم مىقداردا پۇل قويۇپ ئۇزىتىلىدۇ. مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى «مۇبارەك بولسۇن!»دېيىشىپ بالىنى تەبرىكلەپ، ئىختىيارىي ھالدا بالىغا پۇل، يېڭى كىيىم ۋە ئويۇنچۇقلارنى سوۋغا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەتنە مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ.

خەتنە قىلىنغان بالا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغۇچە ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ھارارىتى نورمال، ھاۋاسى ساپ، تازىلىقى ياخشى بولۇشى، تۇخۇم، گۆش قاتارلىق كۈچلۈك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بەزى جايلاردا بولۇپمۇ ئاراتۈرك ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بالىنى خەتنە قىلدۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرگەندە، خەتنە قىلىش يېشىغا توشقان بالا بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن بولسا، شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆز بالىسىغا قوشۇپ خەتنە قىلدۇرۇپ بېرىدىغان ئادەت بار. بۇ كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھەرقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئاراتۈرك ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ياخشى بىر ئادەت.

ئىلگىرى خەتنە قىلدۇرغان بالىلار خەتنە قىلىشتىن ئىلگىرى ئاتقا مىندۈرۈپ ئوينىتىلغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى بۇ ئەنئەنىسى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلىشىپ ئۇنتۇلۇپ كېتىلىۋاتىدۇ.

خەتنە قىلىش يەرلىك ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرخىل ئوپېراتسىيە بولۇپ، ئۇستىنىڭ قولى يەڭگىل، ماھارىتى يۇقىرى بولسا بالا بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىدە قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ياكى تازىلىققا دىققەت قىلمىغانلىقتىن يۇقۇملىنىش يۈز بېرىپ بالا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالىدۇ. تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى تازا تەرەققىي قىلالمىغان مەزگىللەردە يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەت تېبابەت ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ دوختۇرخانىلاردا ئېلىپ بېرىلماقتا.

قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلاردا قىزلارنى خەتنە قىلدۇرۇش ئادىتى يوق ۋە ئىلگىرىمۇ بولغان ئەمەس، بۇ ھەقتە بىزدە ھېچقانداق يازما ۋە ئاغزاكىي مەنبە يوق.

دىنىي ئەقىدە بىلەن تېبابەت قارىشىنىڭ بىرلەشمە مەھسۇلى بولغان خەتنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئىنسان سالامەتلىكىگە بولغان ئاكتىۋال تەسىرىنى تونۇپ يېتىش نەتىجىسىدە، بۇ ئادەت ھازىرقى كۈندە غەيرىي دىندىكى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشماقتا. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان خەتنە توي مۇراسىملىرى ئەسلىدە بۇ پائالىيەتنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولسىمۇ بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ خەتنە مۇراسىملىرى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىشىلەر ئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى «مەجبۇرىيەت»، «ئادەمگەرچىلىك» مەزمۇنلىرىنى ئۆزگىچە يۈكلىۋالدى. ئەلۋەتتە بۇ خەلق ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسى خالاس.

ئىزاھات:


(1) مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 279 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى

(2) «قىسقىچە خرىستىئان دىنى قامۇسى نىستورىئان دىنى قىسمى» جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى شاڭخەي تارماق نەشرىياتى خەنزۇچە

(3) خەنزۇچە «ئەرەب دۇنياسى»مەجمۇئەسى 1985 ـ يىل 2 ـ سان

(4) «كونا ـ يېڭى ئەھدە» 1 ـ باب. ئالەمنىڭ يارىلىشى 17 ـ جىلد 38 ـ بەت زوندىران نەشرىياتى

(5) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلور ھەققىدە بايان» شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى

(6) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.


ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى، فولكلور پەنلەر دوكتورى

مۇھەررىرى : مۇختار تۇردى

# ئاجايىپ مەخلۇقات ۋە غارايىپ مەۋجۇدات



بىر كىشى بار ئىدى. ساراي ، باغ - بوستان مەئى-شەتلىرى مول ئىدى. دۇنيادا بىر ئوغۇلدىن ئۆزگە پەر-زەنتى يوق ئىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىت باغ سەيلىسىگە كىرىپ قەسىر، راۋاق، چىمەنلەرنى سەير قىلىپ گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈپ باغنىڭ چېتىدىكى بىر سۇپىغا ئۇدۇل كېلىپ قالدى. سۇپىنىڭ ئەتراپىدا گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان بىر گۈلزارلىق ئىدى. شاھانە سۇپىغا رەڭدار گىلەملەر سېلىقلىق بولۇپ، يىگىت سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇخلاپ قالدى. بۇ باغدا بىر يىلان ما-كان تۇتۇپ ياشىغىلى خېلى يىللار بولغان بولۇپ، يىلان-نىڭ بۇرنىغا ئادەمنىڭ ھىدى كەلدى - دە، گۈللۈكتىن چىقىپ سۇپىغا كەلدى. قارىسا بىر يىگىت ئۇخلاپ يېتىپتۇ. يىلان زەھىرىنى يىغىپ يىگىتنىڭ يۈرىكىگە بىر نەشتەر ئۇردىكى، يىگىت بىر نالە بىلەن جان تەسلىم قىلدى.

دادىسى ئوغلىنى ئىزدەپ باغقا كەلدى. قارىسا ئۆلۈك يېتىپتۇ. ئۇ كىشى ياقىسىنى يىرتىپ، خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئۇقتۇردى ۋە قولىغا كەتمەن ئېلىپ باغقا كەلدى - دە، يىلاننى تېپىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. يىلان بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتكەنىدى. بالىنىڭ دادىسى تۆشۈكنى كولاپ بىر يەرگە بارغاندا يىلان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرد-سەن؟ - دېدى. ئۇ ئادەم:

— ئوغلۇمنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپسەن، مەن سېنى

ئوغلۇمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. يىلان:

— ھەي ئەخمەق، مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئوغلۇڭ تىرىلەمدۇ؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئوغلۇم تىرىلمەيدۇ، لېكىن ئاچچىقىم چىقىدۇ، — دېدى. يىلان:

— ئەي ئادەم، ئوغلۇڭغا ئەجەل يەتكەنىكەن، ئۆلدى. قىسمىتىدە شۇنداق يېزىلغان بولغىيتتى، ئەمدى ھېچ پايدىسى يوق. مەن ساڭا بىر ئۆي ئالتۇن بېرەي، مېنى ئەپۇ قىل، — دېدى.

بۇ كىشى ئالتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوغلىنىڭ پىراقىنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتتى. يىلاننىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى، ئالتۇننى ئالدى، يىلاننىڭ ئىشىنى قايتا تىلغا ئالمىدى.

بۇ ئارىلىقتا نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى باغ سەيلىسىگە كىرىپ ھېلىقى سۇپىغا كېلىپ قالدى ۋە ئوغلىنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرگەن ئىشنى ئويلىتۇپ، سۇپىدا ئولتۇرۇپ گۈلزارلىقنى تاماشا قىلىپ كۆزى ئۇيقىغا كەتتى. يىلاننىڭ بۇرنىغا يەنە ئادەمنىڭ ھىدى كەلدى ۋە گۈلزارلىقتىن چىقىپ قارىسا، بىر خوتۇن ئۇخلاپ ياتقۇدەك، يىلان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ تېزلىك بىلەن بىر نەشتەر ئۇرغان ئىدى، ئاپال بىر پەرياد بىلەن جان تەسلىم قىلدى. بىر چاغدا ئېرى خوتۇنىنى ئىزدەپ باغقا كىردى. قارىسا، خوتۇنى سۇپىدا ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئۇ خوتۇنىنى يىلان چاققانلىقىنى بىلىپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆيىدىن كەتمەننى ئېلىپ باغقا كىردى ۋە يىلاننىڭ تۆشۈكىنى كولىدى. بىر چاغدا يىلان بىر تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ھەي ئەخمەق، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— خوتۇنۇمنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپسەن، ئەمدى سېنى ئۆلتۈرىمەن، سېنى ئۆلتۈرمىسەم دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى. يىلان:

— ئەي ئادەم، بۇ دۇنيادا سەندىنمۇ ئەخمەق كىشىنى كۆرمىدىم. قولۇڭدا پۇلۇڭ بولسا خوتۇندىن تولا نەرسە يوق. قېرى خوتۇنۇڭ ئۆلسە، ياش خوتۇن ئالىسەن، مەن ساڭا بىر پارچە زۇمرەت بېرەي، ئۇنىڭ قىممىتى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىغا تەڭ. ئۇ بالاڭدىن بالاڭغا قالدۇ، — دېدى.

ئۇ كىشى يىلاننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ يىلان بەرگەن بىر پارچە زۇمرەتنى ئېلىپ يىلاننىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، خوتۇنىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئوغلى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ كەتتى. مال - دۇنيالىرى كۆپىيىپ دۇنيانىڭ پاراغىتىدە ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قېلىشىنى ئېسىگە ئالمىدى. كۆپ يىللار ئۆتتى، ھادىسىلەر خاتىرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كىشى بايلىققا مەست بولۇپ يۈردى. كۈتمىگەن بىر كۈنى ئۇ كىشى باغ سەيلىسى ئۈچۈن باغقا كىردى. باغنىڭ ھەممە جايلىرىنى سەير قىلىپ ئېسىل بىساتلار بىلەن بېزەلگەن سۇپىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى. بىر ئاز ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. تويۇقسىز ھېلىقى يىلان يەنە ئادەمنىڭ ھىدىنى ئالدى - دە، گۈللۈكتىن چىقىپ تېزلىك بىلەن سۇپىغا كەلدى. قارىسا، بىر ئادەم مەيدىلىرى ئوچۇق ھالدا ئۇخلاۋېتىپتۇ. يىلان پۈتۈن بەدىنىدىكى زەھىرىنى يىغىپ ئادەمگە نەشتەر ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ جېنى ھەلقۇمغا كەلدى. يىلان ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي ئەخمەق، ھالىڭ قانداق؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئەي يىلان، جېنىم چىقاي دەپ تۇرسا ئەھۋالىڭ قانداق دەپ سورامسەن؟ جېنىم ھەلقۇمغا كەلدى، بۇنىڭ داۋاسى بارمۇ؟ — دېدى. يىلان:

— ئەي ئەخمەق، داۋانى ئالتۇن بىلەن زۇمرەتتىن سورا. ئاۋۋال ئوغلۇڭنى چېقىپ ئۆلتۈردۈم، ئىبرەت ئالمىدىڭ. كېيىن خوتۇنۇڭنى چاقتىم، ئۇنىڭدىنمۇ ئىبرەت ئالمىدىڭ. دۇنياغا تويمىدىڭ، بۇ ئىش ئاخىر ئۆزۈڭگە كېلەر دەپ ئويلىمىدىڭ. ئەگەر ئىبرەت ئالغان بولساڭ بۇنداق بالاغا قالماس ئىدىڭ. بالاڭنى چاققان چاغدىلا دۇنيانى ئويلىماي مېنى چاناپ ئۆلتۈرسەڭ بولاتتى. شۇ چاغدىلا ھازىرقىدەك ئازاب - ئوقۇبەتكە قالمىغان بولاتتىڭ، دەپ غايىپ بولدى. بۇ ئادەم ئاخىر بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ، دۇنيايى پانىدىن دۇنيايى باقىغا كەتتى. ئالتۇنلار بىلەن زۇمرەت بۇ دۇنياغا قالدى.

* * *

ھېكايەتلەردە دېيىلىشىچە، بۇ تامامى مەملىكەتلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىگە قارايتتى. ئىسكەندەر ئالەم يۈزىنى سەير قىلىپ ياخشى - يامان خەلقلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى كۆپ ئىلىم - ھېكمەت ھاسىل قىلغانىدى.

بىر كۈنى ئۇ ھىندىستان پادىشاھىغا بىر خەت ئەۋەتتى. خەتتە «ئەي ئەقىللىق شاھ، ماڭا ئىتائەت قىلغىن. ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل كۆرۈپ ماڭا ئىتائەت قىلساڭ، ساڭا سەندىن كاتتىراق شاھلارغا قىلغان مۇئامىلىنى

قىلۇرمەن»دېگەن سىياسەت يېزىلغانىدى. خەت ھىندىستان پادىشاھىغا يەتكەن ھامان ھىندىستان پادىشاھى جاۋاب خەت يېزىپ: «ئەي جاھان پادىشاھى، ھەممە ئالەمنى ئالدىڭ، شۇنداق خىيال قىلغىنىكى، ھىندىستاننى ھەم ئالارسەن. مەنمۇ ساڭا ئىتائەت قىلىمەن. ئەمما لەشكەرلەرنىڭ كۆپلىكىگە، دۇنيانىڭ سانسىزلىقىغا پەخىرلىنىش ياخشى ئەمەس»دېدى.

ئىسكەندەر يەنە «مەن يۇقىرقىلارغا پەخىرلەنگەن بولسام، سەن نېمىگە پەخىرلىنىسەن؟»دەپ خەت يازدى. ھىندىستان شاھى جاۋاب خەت يېزىپ «ئەي ئىسكەندەر، مەن ئىلىم ـ ھېكمەتكە ۋە ھۆكىما ـ دانىشمەنلەر بىلەن پەخىرلىنىمەن»دېدى ۋە ئىسكەندەرگە ئىككى ھۆكىمانى تەقدىم قىلىپ ئەۋەتىپ بەردى. ھۆكىمالارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پەيلىسوف ھەكىم ئىدى. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى تېۋىپ ھەمدانى ئىدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھىندىستان پادىشاھى ئۇلاردىن ئىسكەندەرگە بىر قۇتا سېرىق مايغا مىلىق دانە يىڭنە سانجىپ ئەۋەتكەنىدى. ئىسكەندەر بۇ ھۆكۈمالارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈپ ئۇلارغا ئورۇن ھازىرلاپ بەردى ھەمدە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن قۇتىنىڭ ئىچىنى ئېچىپ كۆردى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن:

«مايغا مىلىق يىڭنە سانجىپ ئەۋەتىپتۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيلىسوف جاۋاب بېرىپ:

ـــ مەن ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەم ـ پاراسىتىم بىلەن ئېيتسام، ھىندىستان پادىشاھى بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق «ئەي ئىسكەندەر، ئەسلىدە سېنىڭ كۆڭلۈڭ سېرىق مايدىنمۇ يەك يۇمشاق ئىدى . تولا خۇن تۆككەنلىكىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭ تۆمۈردەك قاتتىق بولۇپ كەتتى» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ھۆكۈمالاردىن:

ـــ بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟ـــ دەپ سورىدى. ھۆكۈمالار:

ـــ ئەي ئىسكەندەر، كۆڭۈل ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، ئۇنى ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەند ـ نەسىھەت بىلەن مۇلايىم قىلغىلى ۋە كۆڭۈل داغلىرىنى تازىلاپ، ئۇنى روشەن ۋە يورۇق قىلغىلى بولىدۇ ـــ دېدى.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇپ، نۇرغۇن ئىنئاملار قىلدى ۋە يەنە سورىدى:

ـــ ئاغرىقنىڭ باشلىنىشى نېمىدىن؟

تېۋىپ ھەمدانى جاۋاب بېرىپ:

ـــ كېسەلنىڭ باشلىنىشى بىپەرھىز، كۆپ تائام يېمەكتىن بولۇر. ئادەم ئەۋلادىنىڭ يېگەن تائامى ئۆز مىجەز تەبىئىتىگە ماس كەلگەنىدىن. ئادەم تائامنى ئارتۇق يېسە، تائام ئۆزىگە يۈك بولىدۇ. ئۇنداق تائامنى ئادەم كۆتۈرەر. تائامنى ئاز يېسە، تائام ئادەمنى كۆتۈرىدۇ،ـــ دېدى. ئىسكەندەر:

ـــ ئەي ھەمدانى توغرا دېدىڭ. بۇ ھېكمەتلەرنى ھۆكۈمالاردىن ئۆزگىلەر بىلەلمەس،ـــ دېدى تېۋىپ ھەمدانى:

ـــ ئەي ئىسكەندەر، مەن ساڭا ئۆز ھۈنىرىمدىن بىر مەجۇنات ياساپ بېرەي. ئۇنى يېگەندىن كېيىن ئارتۇق تائامغا ئىشتىھايىڭ تارتمايدۇ. ياخشى تائامغا كۆڭلۈڭ تارتقاي، لېكىن ئۇنىمۇ ئازدىن يەيسەن، ـــ دېدى. ئىسكەندەر:

ـــ ئەي ھەمدانى، سېنىڭ دېگىنىڭ كاتتا بىر داۋادۇر. ئەمما سەن ئۆز ھۈنىرىڭنى بىزگە داڭلاۋاتىسەن،ـــ دېدى.

تېۋىپ ھەمدانى مەجۇناتنى تەييار قىلدى. ئىسكەندەر مەجۇناتنى يېدى. مەجۇناتنى يېيىشتىن ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى زەرەرلىك تائاملارغا كۆپ تارتاتتى. مەجۇناتنى يېگەندىن كېيىن تائامنى جىق يېمەيدىغان بولدى، ھۆكۈمانىڭ دېگىنى راستقا چىقتى.

بىر كۈنى ئىسكەندەر ھاجەتكە باردى. تۇيۇقسىز ئالدىدا بىر سۈرەت پەيدا بولدى. ئىسكەندەر:

ـــ نېمە سۈرەت سەن؟ـــ دەپ سورىدى. سۈرەت جاۋاب بېرىپ:

ـــ مەن ئاغرىقتۇرمەن. سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە كىرمەكنى ئىزدەم كەلدىم،ـــ دەپ ئىسكەندەرنىڭ بەدىنىنى قورشىدى. ئىسكەندەر خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھاجەتتىن چىقىپ كەلدى. لېكىن بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. تېۋىپ ھەمدانى ئىسكەندەرگە قاراپ:

ـــ ئەي پادىشاھى ئالەم، ساڭا كېسەل تېگىپتۇ،ـــ دېدى.

ئىسكەندەر ئاغرىقنى يوشۇرۇپ «ياق» دېدى. تېۋىپ:

ـــ ئەي شاھەنشاھ، نېمە ئۈچۈن مەندىن ئاغرىقىڭنى يوشۇرىسەن؟ـــ دېدى. ئىسكەندەر جىم تۇردى. تېۋىپ ھەمدانى:

ـــ بۇ ئاغرىقنىڭ ئىلاجىنى قىلاي،ـــ دېدى. ئىسكەندەر ماقۇل بولدى. لېكىن ئۆزى ساياھەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمما ئاغرىقنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بەرمىدى. ھەمدانى ئۆز پاراستى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ كېسىلىنى

بىلدى. يەنە بىر خىل دورا تەييار قىلىپ بەردى.

ئىسكەندەر دورىنى يەپ ھاجەتكە بېرىۋېدى، يەنە ئالدىنقىغا ئوخشاش بىر سۈرەت پەيدا بولدى ۋە ئىسكەندەرگە:

—ئەي ئىسكەندەر، مەن بەدىنىڭدىن چىقىپ كەتتىم، ئەگەر سەن بۇ دورىنى يەنە يەۋەرسەڭ ،مەن كۆيەر ئىدىم، —دېدى. ھەزرەت ئىسكەندەر چەكسىز خۇشال بولۇپ ھاجەتتىن چىقتى. تېۋىپ ھەمدانى ئىسكەندەرنى خۇشال ھالەتتە كۆرۈپ قاچىدىكى دورىنى يەرگە تۆكۈۋەتتى.

ئىسكەندەر:

—ئەي ھەمدانى، دورىنى نېمە ئۈچۈن تۆكۈۋېتەسەن؟ —دەپ سورىدى. ھەمدانى جاۋاب بېرىپ:

—ئەي ئالەمنىڭ شاھى، بەدىنىڭىزدە ئىللەت تۈگەپتۇ. ئەمدى بۇنىڭ لازىمى يوق، دېدى. — ئىسكەندەر بۇ دانىشمەن تېۋىپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن تامام ھېكىم ئۆلىمالارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبىتىنى ئەلا بىلىپ، دانىشمەنلەرنى ئۆز ھۇزۇرىدىن يىراق قىلمىدى.

بىر كۈنى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئەجەل كۈنىنى بىلمەكچى بولۇپ، بۇ ئويىنى دانىشمەنلىرىگە ئېيتتى. دانىشمەنلەر قۇرئە سېلىپ:

—ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇنكى، ساڭا ئەجەل شۇنداق بىر چاغدا بولىدۇ. ئۇ جايىنىڭ ئاسمانلىرى ئالتۇندىن، يەر بولسا، تۆمۈردىن بولغان ۋاقىتتا ساڭا ئەجەل كېلىدۇ—دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يىللار ئۆتتى. نۇرغۇن يەرلەرگە يۈرۈش قىلدى. ئاخىرى دەريايى مۇھىتتىن چىقىپ بىر دەشتكە يەتكەندە كېسەل تەگدى. ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئالدىراپ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. شۇ ماڭغانچە بىر باياۋانغا يېتىپ كەلدى. كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ھاۋا تونۇردەك ئىسسىپ كەتتى. ئامالسىز بېشىدىكى ئالتۇن قۇببەلەرنى بېشىغا سايىۋەن، ساۋۇتلارنى ئاستىغا تۆشەك قىلىپ ياتقۇزدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەر ئۆز ھالىدىن خەۋەر بېرىپ:

—ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتقان سۆزى مۇشۇ جايدا راستقا ئايلانغۇسى،—دەپ دەرھال خەتتاتنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ، ئانىسى ۋە يەتتە ئىقلىمدىكى پادىشاھلارغا كۆپتىن ـ كۆپ ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ، بۇ مېھنەتلىك ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. كېيىنكىلەر ۋەسىيەتنامىدىكى مەزمۇن بىلەن بارلىق پادىشاھلارغا، ھەرقايسى شەھەر خەلقىگە يارلىق يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتتۈپ 500 يىلغىچە يەتتە ئىقلىم ھەزرىتى ئىسكەندەر تۈزگەن قانۇن ـ نىزام بويىچە دۆلەتلەر ئىدارە قىلىندى. كېيىن شاھلارنىڭ زۇلۇمى ئېشىپ، زالىملىق ئەمەلىيلىشىپ، زالالەتكە يۈزلەنگەنمىش.

ھەزرەت ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنى:

—ئەي جان ـ جىگەر مېھرىبان ئانا، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ يېنىڭدا تۇرالمىدىم. قىسمەت بىر ھاۋايى ـ ھەۋەسنى بېشىمغا سالغانىكەن. شۇ ھەۋەسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپتىمەن. خاتالىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن. ئەي مېھرىبان، قەدىرلىك ئانا، بۇ جان تەندە ئامانەت ئىكەن. ئىگىسىگە قايتۇرماي ئىلاجى يوق ئىكەن. ئەجەل يامغۇرى ھەممە جان ئىگىسىگە ياغماي قويماس. شۇڭا مەن ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرمىغىن ۋە پەرىشان بولمىغىن. بۇ ئالەم پادىشاھلىقى كەتتى دەپ خېتىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق يازدى: «مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ نەزىرىمنى بەرگەندە، بىرىنچى، داستىخانغا تۈنجى كەلگەن تائامنى بۇ دۇنيادا بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلمىگەن ئادەم يېسۇن؛ ئىككىنچى، مەن ھاياتىمدا ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ئىشلەتكەن زۇلپىقارىمنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ، تاۋۇتۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇڭلار؛ ئۈچىنچى، مېنى يەرلىككە قويغاندا ئوڭ قولۇمنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇڭلار. مەن دۆلەتنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىشى ئۈچۈن ھۆكۈما، دانىشمەن، ئۆلىمالارنى دوست تۇتۇپ ئۆتتۇم.» دەپ خەتنى تامام قىلدى.

ھەزرەت ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى، ھەزرەت ئىسكەندەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئامراق بولغاچقا، ئىسكەندەر ئانىسىنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، نەزىرىنىڭ ئېشىنى بۇ دۇنيادا بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلمىگەن ئادەمگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئانىسى ئۇنداق ئادەمنى تاپالماي، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەۋر قىلغان.

زۇلپىقارنى سۇندۇرۇپ، تاۋۇتنىڭ ئۈستىدە قويۇشى «مەن نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىپ، سانسىز قانلارنى تۆكتۈم. ئەمدى قان تۆكۈپ، ئۇرۇش قىلىش مەن بىلەن تۈگىسۇن» قولىنى يەرلىكىدىن چىقىرىپ قويۇشى، «مەن ھاياتىمدا نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ھېسابسىز دۇنيالارنى يىغدىم. ئاخىرىدا قۇرۇق قول كەتكىنىمنى ئەل كۆرسۇن» دەپ كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئىدى.

تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# قەشقەر ئادەتلىرى

ئە.ك.ئىلكۆل



تەھرىر ئىلاۋىسى:

ئە. ك. ئىلكۆل (1889 ـ 1966) تۈركىيىلىك يازغۇچى ۋە مائارىپچى. 1914 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلىرىدا تۇرغان. 1920 ـ يىلى تۈركىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن «جۇڭگو شىنجاڭ خاتىرىلىرى، شاگىرتى خاتىرىلىرى» ناملىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان «قەشقەر ئادەتلىرى» ناملىق ئەسەر «جۇڭگو شىنجاڭ خاتىرىلىرى، شاگىرتى خاتىرىلىرى»دىن نەشرگە تەييارلاندى. ئاپتور ئەسەردە ئەينى يىللاردىكى قىسمەن مۇراسىم ـ ئادەتلەر ۋە ئۆزى بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان پائالىيەتلەر ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك فولكلور قىممىتىگە ئىگە. ئەسەردە بايان قىلىنغان مازارغا چوقۇنۇشقا ئوخشاش قىسمەن قالاق ئادەتلەر ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئايرىم جايلاردا يەنىلا ساقلانماقتا. ئەسەردىكى بەزى مەزمۇنلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىنى سورايمىز.

## قەشقەردە ئايەم كېچىسى

قەشقەرلىكلەر شابانۇلھۇئاززەمنىڭ ئون بەشىنچى كۈنىنى ئايەم كېچىسى دېيىشىدۇ. ئايەم دېگەن سۆز شەرەپلىك ۋە ئاز ئۇچرايدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. بۇ كۈندە قەشقەر ئاھالىسى ۋە يېزا خەلقى ئاپپاق غوجا دېيىلىدىغان 400 يىل ئىلگىرى قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن بىر زاتنىڭ مازارلىقىغا يىغىلىدۇ. تۈنەك دېيىشىپ، ئىبادەت قىلىش نىقابى ئاستىدا پۈتۈن كېچىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاپپاق غوجىغا بولغان ئىخلاسى بەك چوڭ. ئۇ زاتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەر قەبرىنىڭ ھاكلانغان ۋە سىرلانغان تاشلىرىغا يۈزىنى يېقىپ، قەبرىنىڭ قىرلىرىنى چىشلىشىپ، ئاشقازان ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، دېيىشىپ، گۈمبەزدىكى ياغاچلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى

غاجىغانلىرىنى، يېزىلىق ھامىلدار ئايالالار تۇغۇتىمىز ئا-
سان بولىدۇ، دەپ مازارنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان
قوزىلارنىڭ مۇڭگۈزلىرىنى قورساقلىرىغا باغلاپ يۈرۈش-
كەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار خۇراپاتلىقنىڭ
قورالى ۋە قۇربانى بولۇش قانچىلىك چوڭ گۇناھ ئىكەن-
لىكىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئايەم كېچىسى قەشقەردە ھېچكىم ئۇخلىمايدۇ.
خرىستىئانلارنىڭ يىل بېشى كېچىسى ھەممە ئۆيدە، ھەممە
جايدا قىمار ئوينايدىغان قائىدىسى بار. قەشقەردىمۇ
شۇنداق. ئاپپاق غوجىدا، ئالىخاندا، قۇتبىلالى دېگەن ما-
زارلىقلاردا كىشىلەر تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئوينىشىدۇ. خ-
رىستىئانلار تەلەيلىرىنى سىناپ كۆرۈش ۋە بىر يىللىق
ئۆمرىنى تەبرىكلەش مەقسىتىدە گۈلخان يېقىشىپ، ئۇنىڭ
ئۈستىدىن ئاتلىشىدۇ. قەشقەردىمۇ بۇ ئادەت ئايەم كې-
چىسى ئورۇنلىنىدۇ. ئايەم ئاخشىمى ھەممە كوچىدا جە-



ھەننەم يېرىقىدەك كۆرۈنىدىغان، تۇتۇپ تۇرۇشقان ئوت-
نىڭ ئۈستىدىن ئەر ـ ئاياللار «ۋەسسەمەس ۋەدۇھاھا»
سۈرىسىنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئاتلىشىدۇ.

كىچىك بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئايەم كېچىسى ئوت-
نىڭ، بۇ توغرا بولمىغان ئادەتنىڭ قۇربانى بولۇشىدۇ. بۇ
كېچە ياش ئوغۇللار، قىزلار كوچىلاردا يۈرۈشىدۇ. ياشاد-
غانلار بولسا، مەسچىتتە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ، تەسۋىنى
ئون مىڭ قېتىم سىيرىپ، خۇدادىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت
قىلىشنى تىلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ياكى تۇغقانلىرىنىڭ
تۇپراق بېشىدا ھوقۇشتەك ئولتۇرۇپ تۈنەيدىغانلارمۇ بار.
قىسقىسى، بۇ مەھشەر كۈنىگە ئوخشاش كېچىدە ئىنساننىڭ
كۆزىگە ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ يا
كۈلۈشكىز، يا يىغلىشىڭىز لازىم. ئايەم كېچىسىگە سەھرا
خەلقى بەكمۇ ئىخلاس قىلىدۇ. بەزى يۇرتلاردا تويلاش-
ماقچى بولغاندا، ئەر ئالماقچى بولغان ئايالنى ئايەمدە
ئاپپاق غوجىنىڭ مازارلىقىغا ئېلىپ بېرىشى شەرت قىلىنى-
دۇ. ئەگەر ئەرنىڭ پۇلى بولمىسا قازان، كوزا، چىنە،
چەينەكلەرنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ شەرتنى ئادا قىلىدۇ.
جاھالەتنىڭ قۇربانى بولغان بۇ بىچارىلەرنىڭ يارىماس
ئادەتلىرى ئايەم كېچىسىدە تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ. بايلار
قوزا گۆشلىرىنى يەپ، قورساقلىرىنى پومپايتىپ ئولتۇر-
غاندا، بىچارە ئۇيغۇر خوتۇنلىرى ئەتلەس تامبىللىرىنى
بەش تەڭگىگە گۆرۈگە قويۇشۇپ، ئايەمنىڭ قائىدە ـ يو-
سۇنلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېرىشىدۇ. بۇنداق ئەھ-
ۋالنى قەشقەر بايلىرى، ئۆلىمالىرى، پەزىلەت ئىگىلىرى
تاماشا قىلىشىدۇ. ئاپپاق غوجىنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى دېيى-
لىدىغان جاي ئايەم كېچىسى ئويۇن ـ تاماشا مەيدانىغا
ئايلىنىدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپ ـ توپ بولۇپ ئول-
تۇرۇشقان، مەيدىسى ئوچۇق كىشىلەر قىمار ئوينىشىدۇ.
باغنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا يېقىلغان ئوت ئەتراپىدا نەشكەشلەر
تاڭ ئاتقۇچە نەشە چېكىشىپ كاللىسىنى قاپاق قىلىشىدۇ.

كىشىلەر ئاغزىدىن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى
ئاڭلىغان بۇ ئايەم كېچىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە
ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇ كۈنى كېچىسى نورۇززادە ھاجى

ئەلى بىلەن قەشقەرنىڭ خەلق ۋەكىلى سىدىق ئاخۇن شەنزەۋدەنىڭ بۇرادىرى سابىت ھاجىنىڭ بېغىغا مېھمانغا چاقىرىلغانىدىم. بۇ باغ ئاپپاق غوجا مازارلىقىغا يېقىن بولغاچقا، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن دوستلىرىمىزدىن بانكىر ئابدۇرېھىم مۇھەممەدزادە، قادىر تەييار، نورۇززادە، روزى ئاخۇن كېرىمزادە، ئەخمەتخان مۆمىن چوقزادىلەر بىلەن بىللە ئاتلارغا مىنىپ، بۇ كېچىنىڭ تاماشىسىنى كۆرگىلى باردۇق. بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى ئەۋلادلار ياخشىراق ئۇيلىشىپ كۆرۈشى لازىم ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەلدىم. بۇنداق خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياشلاردا غەيرەت ۋە ئەل - يۇرتنى سۆيۈش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك...

## قەشقەردە رامىزان تۇرمۇشى

قەشقەرلىكلەر رامىزاننى بەك سەمىمىيەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىدۇ. رامىزاندىن بىر ئاي بۇرۇن پۈتۈن ئۆيلىرىنى تازىلاپ، يېڭى كىيىملەرنى تەييارلاپ، تەسۋىلەرنى ئېلىپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مەسچىتكە ئېلىپ بارىدىغان جەينامازلارنى تەق قىلىپ قويۇشىدۇ. قىسقىسى، رامىزاننى چوڭ خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قارشى ئالىدۇ.

بۇ مۇبارەك ئاينىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى كۈنلىرىگىچە خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش داۋام قىلىدۇ. ئالتىنچى كۈنى ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا شىكايەت قىلىشىدۇ. يەتتىنچى كۈنى بەگلەر (ئەپيۇنكەشلەر)، بۇزاكەشلەر بازاردا، كوچىلاردا ئەقىلسىز تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەبىيلىشىپ سوقۇشىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى بۇ ئۇزۇن كۈنلەرنى تېزرەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشىدۇ. توققۇزىنچى كۈنى مىجەزلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشىپ، چاپانلىرىنى سېلىپ، سەللىلىرىنى ئېلىپ تاشلىشىدۇ. ئونىنچى كۈنى تاقەتتى تاق بولىدۇ. ھەر كۈنى جازالاش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىلىدىغان بىر توپ ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. مەھكىمە شەرئىيىنى باشقۇرىدىغان رەئىس روزا تۇتمىغان مۇسۇلمانىنىڭ جازاسى شۇنداق، دەپ قولىدىكى تېرە قامچا بىلەن يالىڭاچلاپ بىچارىنى توختىماي ئۇرىدۇ. لېكىن،



2003.2

بۇنداق جازاغا بايلار، يېڭى كىيىم كىيگەنلەر، يىپەك سەللە
ئورىغانلار ئەمەس، كۆن كەچۈرەلمەيۋاتقان ئاجىز ـ بە-
چارىلەر ئۇچرايدۇ.

رامىزان كۈنلىرى ھېيتگاھ دېگەن جايدا ئادەم ناھا-
يىتى كۆپ بولىدۇ. ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئون بەش ـ يە-
گىرمە ئارشىن ئېگىزلىكتىكى پەشتىقىغا سونايچى بىلـەن
ناغرىچى چىقىدۇ. خەلق تەرەۋىنى ئوقۇپ چىقىپ بىر سا-
ئەتتىن كېيىن ئۇلار مىللىي ئاھاڭغا چېلىشقا بـاشـلايـدۇ.
شەھەرنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە تېشىدىن كىرگەن خەلق
ئۇچ ـ تۆتتىن بولۇپ، ھېيتگاھقا كېلىپ يىغىلىشىدۇ. بەزى
خانىقانىڭ ئىشان ـ سوپىلىرى مىللىي مۇزىكا ئاھاڭـغـا
ساماغا چۈشىدۇ. يەنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قوللىرىنى كې-
رىپ تۇرۇپ ئايلىنىشىدۇ ۋە يالاڭئاياغ لۈكچەكلەر، تۇمە-
قىنى ئۆرۈپ كىيگەنلەر، پەشمەتلىرىنى مۇرىسىگە ئېلىۋال-
غان نوچىلار، راۋابچى روزەكلەر ئالدىدا مېڭىپ ئېگىز ـ
پەس توۋلاپ ناخشا ئېيتىشىپ ھېيتگاھقا قاراپ كېلىشىدۇ.
بۇ مەيداندىكى ياغ ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ چىراغلىرىدىن
چىقىپ تۇرىدىغان سېسىق ئىس، ناغرا ياڭراپ تۇرغان بۇ
كېچىدە مەيداندىكىلەرگە ئەتىر پۇرىقىدەك بىلىنىدۇ. ئۇ
دۇكانلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلار
يىغىلىۋالىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ياۋروپانىڭ سىياسىي سەھ-
نىلىرىدە ھەل قىلىنمىغان چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنىمۇ ھەل
قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ، ھىندەنبورگ ـ ماكانزىيەلەرنىڭ ئەڭ
ئۇلۇغ ھەربىي باشلىقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، سىزىشـقـا
ئاجىزلىق قىلىۋاتقان ئۇرۇش پىلانلىرىنىمۇ ئۇلار تۈزۈپ
چىقىدۇ، تەنقىد قىلىشىدۇ. ناغرا چېلىنىپ توختىغـانـدىن
كېيىن قەشقەر ئاسمىنىدا نەشە پۇرىقى بىلەن تۇرلۇك ئە-
چىملىكلەرنىڭ ھىدى ھۆكۈم سۈرىدۇ. كىشىلەر كېچـىـنى
غەنىيمەت بىلىشكىنى ئۈچۈن ھەممە ئىشلىرىنى قـىـلـىـپ
تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ. تېخى ئەتراپ قاپقاراڭغۇ تۇرسىمۇ،
بەزى كاللىسى چۈگىلەپ قالغان مەزىنلەر پەشتاققا چىقىپ
ئەزان ئېيتىشقا باشلايدۇ: «جامائەت بىلەن بىللە ناماز
ئوقۇڭلار، بامدات يەنى سەھەر نامىزىغا چىقىڭلار! چوڭ
ساۋاب بار. ھەر تۇرلۇك گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت بو-
لۇر»دېگەن ۋەز بىلەن كىشىلەر خۇددى شەپـەرەڭـدەك
تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشىدۇ.


بامدات نامىزىدا كاللىسى قاپاقمۇ، ئەقلى ساقمۇ سەللە
يۆگىشىپ، ئالدى سەپتە ئولتۇرماسلىققا، ئىمام ۋە مەھەللە
ئاقساقاللىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە ئۇرۇنۇشـىـدۇ.
نامازنى ئادا قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىن كىشىلەر: «توۋا
قىلدىم خۇدايىم، گۇناھلىرىمنى كەچۈر» دېگەن مۇناجاتنى
تەكرار ـ تەكرار ئېيتىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ـ دە، بۇ
قالايمىقان كېچىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

روزا ھېيت كېچىسىگىچە تۇرمۇش ئەنە شۇ تەرىزدە
داۋاملىشىدۇ. ھېيت كېچىسى بەزى كىشىلەر ئۆيلىرىـنـىڭ
تاملىرىغا چىقىپ، «خوش ئەمسە رامىزان غوجام، بىزدىن
رازى بولسىلا، ئامانلىق بولسا يەنە كېلەرلا» دېيىشىپ،
رامىزان بىلەن خوشلىشىدۇ.

## رامىزاندىكى ساماۋەرخانا، چايخانا تۇرمۇشى

قەشقەردە رامىزان ئاخشاملىرى بەزى خەلق ئۆيىدە،
بەزىلەر ساماۋەرخانىلاردا مەشرەپ ئويناپ، بەزىمە ئۆت-
كۈزۈشىدۇ. ئۆيلەردىكى بەزمىگە قارىغاندا، ساماۋەرخانى-
لاردىكى بەزمە ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولىدۇ. رامىزان كې-
رىپ، روزى ھېيت بولغۇچە ھەر كۈنى ئىپتاردىن باشلاپ
بىر سائەت ۋاقىت بۇ مىللىي بەزمىنى تاماشا قىلىش ۋە
تەتقىق قىلىش ئۈچۈن دورغا بەگ سارىيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى
قۇربان ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ساماۋەرخانىسىدا ئولتۇر-
دۇم. ئۇلارنىڭ بىر يىگىت بېشى بولۇپ، ئىسمى تۇردىبەگ
ھاجىمدۇر. بۇ ھاجىم سۆھبەتتە مۇلايىم، خەلقپەرۋەر، ئە-
دەپ ـ ئەخلاق، مەردلىك ۋە توغرىلىقتا يېگانە، روھى
ساغلام بىر يىگىت بولۇپ، ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا
كەلتۈرىدىغان قىرىق ـ ئەللىكچە يىگىت بار. ئۇلار ھۈ-
نەرۋەن ـ كاسىپلار بولۇپ، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن خالى،
كۈندۈزلىرى ھۈنەر ـ كەسىپلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا،
ئاخشاملىرى ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ.
قىسقىسى، بۇ ئوغۇللار پېشانە تەرى بىلەن بىلىكـىـنىڭ
كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ياشايدۇ.

ئۇلارنىڭ باباش ئاخۇن دېيىلىدىغان دۇتار چالىدىغان
بىر سازەندىسى بار. ئۇلار بۇ مەيدىسى ئوچۇق سازەن-
دىنىڭ شوخ ۋە يېقىملىق نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ، غەمگە




چۆكۈپ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەزەم ھاجىم دېگەن قىزىقچى ئوغۇللار پو ئېتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار كېچىنى ئەنە شۇنداق كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ساماۋەرخانىدا زورلۇق يېگەندىن كېيىن باشلىرىغا سەللىلىرىنى ئورىشىپ، ئۇدۇل مەسچىتكە بېرىپ بامدات نامىزىغا تۇرغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. قەشقەردە بىر ئادەت بار: كېچىسى تاڭ ئاتقانغا قەدەر تۇرلۇك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلسىمۇ گەپ قىلىشمايدۇ، ئەيىپ قىلىشىدۇ، لېكىن بامدات نامىزىغا چىقمىسا ئەيىپ قىلىشمايدۇ. بىرەر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئازار يەيدۇ.

قەشقەردىكى ساماۋەرخانا تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق ئاددىي ھەم ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولىدۇ. ئۆيلەردىكى بەزمىلەرگە كەلسەك، بىر تالاي بايلار دۇتار، تەمبۇر چالدۇرۇپ، ھاياسىز ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بەزىلىرى بولسا مەجۇن يەپ بولۇشۇپ، بۇ كېچىنىڭ شان ـ شەرىپىگە ياراشمايدىغان بىر قاتار كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

**قەشقەردە ھېيت كۈنى (1916 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست)**

ھېيت كۈنى ئەتىگەندە شەھەر ۋە يېزىدىن بولۇپ، ئون مىڭغا يېقىن خەلق يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، لاھۇر سەللىلىرىنى ئورىشىپ (ھېيت كۈنى قەشقەر خەلقى سەللە ئوراشقا مەجبۇرلىناتتى)، ياقۇپخان بىنا قىلدۇرغان جىدىنەتتەك ماكان ھېيتگاھ جامەسىگە يىغىلىشىدۇ. مەسچىتنىڭ ئىچى ـ تېشى ئادەمگە تولۇپ كېتىدۇ. ئادەتتە كۆل بويلىرىدا ، دەرەخ تۈۋىلىرىدە، تېرەكلەرنىڭ تۈۋىدە ياتىدىغان غېرىبلار ناماز ھەققى ئېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ

ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ «سەپلەر تۈز بولسۇن، چا-
پانلىرىڭىز ئۇچۇق بولمىسۇن!» دېگەندەك بىر قاتار
سەپسەتىلەر (ئاساسسىز سۆزلەر)نى قىلغۇچى موللا ئە-
پەندىلەر بىلەن ئاخىرقى سەپلەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ
يۈرۈپ، خەلق ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىتتە خەلقنى
ئۇيالدۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دىۋانىلەر بۇ مۇبا-
رەك كۈندە كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ!

قەشقەردە غېرىبلەرنى ئاسرايدىغان دارىلئاجىز، خەي-
رىيەت جەمئىيەتلىرى، شەپقەت قىلىش ۋە ھىمايە قىلىش
ئۆيلىرى بولمىغاچقا، مەسچىت ئىچىدە، كوچىنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن
بۇ مېيىپ ـ مەجرۇھ، ئاقساق ـ چولاق بىچارىلەرنى ئە-
يىبلىگىلى بولمايدۇ! موللا ئەپەندىلەرنىڭ ناماز ھەققى
ئېلىشىدەك يولسىزلىقىغا كەلسەك، غېرىب بىچارىلەرنىڭ
ھەققى بولغان زاكات ۋە سەدىقە ـ پىتىرنى ئىككى يۈز-
لىمىلىك قىلىپ، خەلققە نەسىھەت قىلىپ، زورلۇق بىلەن
مەسچىتكە يىغىۋېلىشى بىر ئاز كۈلكىلىك ئىش بولسا
كېرەك. ناماز ۋاقتى بولغاندا قازىلاردىن بىرى ئورنىدىن
تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەپلەرنى
تەكشۈرىدۇ، رەتسىز تۇرغانلارنى كۆرسە، سەت سۆزلەر-
نى قىلىپ سەپنى رەتلەيدۇ. مەن بۇنداق ئىشلارنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەتتا شۇ كۈنى يېنىمدا ئولتۇرغان
مەدىنىلىك سېپىت كامىل ئەپەندىگىمۇ «بىزنىڭ موللا
ئەپەندىلىرىمىز قانچىلىك تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئە-
كەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟»دەپ ئۆكۈنگەنلىكىمنى بىل-
دۈردۈم.

بىر مەزگىلدىن كېيىن تەكبىر ئوقۇلۇپ، مۇبارەك
ھېيت نامىزىغا تۇرۇشىدۇ. بەزى بىچارىلەر تېخىچە ناماز
ئوقۇش قائىدىلىرىدىن ۋاقىپ بولمىغاچقا، تەكبىردىن كې-
يىن قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشىدۇ. بەزىلەر بولسا،
باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان پېتى ئۈنلۈك سۆزلىشى-
دۇ! قىسقىسى، ئەنە شۇنداق تەرتىپسىز، قالايمىقان ھا-
لەتتە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خاتىپ مۇنبەرگە
چىقىپ، قۇتبە ئوقۇشنى باشلايدۇ. ئۇ يېرىم سائەتچە بىر
نېمىلەرنى ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋات-
قانلار ئۇڭدەشكە باشلاپ، قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈش-
دۇ. چۈنكى قۇتبىنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈ-
دەك ئەرەبچە ئوقۇلغان قۇتبىدىن ھېچنەرسىنى چۈشەن-
مەيدۇ. قۇتبە ئوقۇش «شەرھى ۋەقايى»دىن بىر نەچچە
بەت ئوقۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئو-
قۇغانلار مەسچىت ئىچىدىلا بىر ـ بىرى بىلەن قول ئې-
لىشىپ كۆرۈشۈپ، «ھېيتلىرى مۇبارەك» دېيىشىدۇ.
ياشانغانلار، ياشلار، باللار كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇئۆي
ھېيتلىشىدۇ. ھەر ئۆيگە بىر داستىخان سېلىنىدۇ. داستى-
خانغا تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلى-
دۇ. لېكىن ساھىبخان داستىخان بار ئۆيدە تۇرمايدۇ. بۇ
ھېيت كۈنىدە كىشىلەر ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆي-
لەرنى يوقلىشىدۇ.

قازىلار، ئۆلىمالار ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن
كېيىن خەلقنىڭ ئىشىكلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئىك-
كىنچى قازىنى سايلاشقا كېرەكلىك خەلق پىكىرلىرىگە
ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە كۆڭۈلگە پۈككەن مەق-
سەتلىرى ئۈچۈن كىرىشكە تېگىشلىك ئۆيلەردىن ھېچ-
قايسىسىنى تاشلاپ قويمايدۇ. بۇ كۈندە خەلق قازىلارغا
ئەمەس، بەلكى قازىلار خەلققە مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ
كۆرۈشىدۇ.

ھېيت كۈنى كىشىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى بەك تار-
تىدىغىنى، قىزلار بىلەن ياش خانىملاردۇر. ھېيتگاھنىڭ
پەشتىقىدا قايغۇلۇق چېلىنىۋاتقان ناغرا، يەنى مىللىي
مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلاپ، ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا
چىقىشۇالىدۇ. تاملارنىڭ ئۈستىدە قىزىل، سېرىق، سۆ-
سۇن ... ھەر خىل رەڭلىك يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ با-
ھار گۈللىرىگە ئوخشاش ياسانغان خانىملار توپى دول-
قۇنلىنىپ تۇرىشىدۇ، باشلىرىغا كىيىۋالغان زەر يىپلىق
دوپپىلىرى قۇياش نۇرىدا پالىلداپ بۇ كۈندە گويا يەر
يۈزىدىكى يېشىللىق تاملارغا ماكانلاشقاندەك بىر مەن-
زىرە مەيدانغا كېلىدۇ.

ھېيت كۈنى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ساراي-
دىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. يېنىمدا ۋاپادار دوستلى-
رىمدىن تۇردىبەگ ھاجىم بار ئىدى. سارايىنىڭ ئالدىغا
بارغىنىمدا ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا بىر توپ خەلقنىڭ

توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەممىي ۋە يېقىن كىشىلىرىمىزدىن بولغان نورۇززادە ھاجى ئەلى، نەزەر ئاخۇن باي، ئابدۇرېھىم ئاخۇن بانكىر، نورۇز بايزادە، قادىر تەييار، ۋاپادار دوستلىرىم كېرىم، يۇسۇپ، روزى، ماخمۇت ئاخۇن ۋە بەزى يارەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرگىنىمدە قەلبىمدە ئۆركەشلەپ تېشىۋاتقان ھېسسىياتىمنى تۇتالمىدىم، ۋۇجۇدۇمنى چوڭقۇر ئۇمىدسىزلىك ـ مەيۇسلۇك قاپلىدى. ۋەتىنىمدىن ئۈچ يىل ئايرىلىش تۈپەيلى پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇ مەيۇسلۇكنى ئۇلارغا بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال ـ خۇرام كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. ئۆيۈمگە خالايىق ئۇزۇلمەي كېلىشىپ ھېيتىمنى قۇتلۇقلاشتى.

بىر چاغدا قېرىنداشىمىز ھاجى ئەلى يۇرتتىكى بەزى ئابرۇيلۇق، ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى يوقلاپ كېلىش لازىملىقىنى بايان قىلدى. ئون بەش ـ يىگىرمىدەك ئىشچان ياش، سادىق دوستلار بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتۇق، دەسلەپ قىلىپ مەرھۇم قازى كالان ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ غەيرەتلىك ياشلىرىمىزدىن بولغان يۇسۇپ ئاخۇن باينىڭ ئۆيىگە (يۇسۇپ ئاخۇن نەسرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش قەشقەردىكى ئاجايىپ شەخستۇر. خالايىق ياش ۋە غەيرەتلىك يۇسۇپ ئاخۇننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تولىمۇ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىنىڭ تىلى بەك ئۆتكۈر بولغاچقا، كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتمەي دەۋېرىدۇ) كىردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ ئابرۇيلۇق بايلاردىن ۋە جامائەت خادىملىرىدىن بولغان باھاۋۇدۇنباي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنىڭ مۇپتىسى داموللا ھاجى ئابدۇقادىر ئەپەندى، شەيخلەردىن ۋەتەنپەرۋەر ھاجى مەنسۇر ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بەك ياخشى كۆرۈشىدىغان بىر ـ ئىككى دوستلارنى يوقلاپ ئۆيۈمگە قايتتىم. بۇ كۈننى بەكمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدۇم.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى مېنى زىيادە خۇشال قىلغان ئىش ئۇششاق بالىلارنىڭ، كىچىك خېنىم قىزلارنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشى بولدى. قەشقەردە قىزلار ھەممىسى دېگۈدەك قىزىل كىيىم كىيىدۇ. بۇ قەشقەر قىزلىرىغا بەك يارىشىدىغان ئۇنداق قىزىل رەڭلىك كىيىملەر ئۇلارنى مالائىكە سۈرىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن تال ـ تال چاچلىرى، باشلىرىدىكى زەرلىك دوپپىلارنىڭ چىرايلىقلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس. بۇ بالىلار ھېيت نامىزىدىن كېيىن بىر ـ بىرلىرىنىڭكىگە بېرىپ ھېيتلىشىدۇ، چوڭلاردىن ھېيتلىق ئېلىشىدۇ. لېكىن ئۇ پۇللارنى خەجلىگۈدەك تۈزۈك يەر يوق. چاك ـ توپىلىق يول ـ كوچىلاردىكى لەڭپۇڭ، زىماتاڭ دېگەندەك ساختا، زىيانلىق نەرسىلەرگە خەجلەيدۇ. قەشقەر شەھىرى شۇنچە چوڭ ۋە ئاھالىسى شۇنچە كۆپ يۇرت بولسىمۇ، بالىلار سۆيۈنۈپ ئوينىغۇدەك بىر بايراملىق مەيداننىڭ بولماسلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ھېيتگاھ مەيدانى بار دېگەن بىلەن ئۇ يەرنى



2003.2

لۈكچەكلەر ، قەلەندەرلەر قاپلاپ كەتكەچكە، بالىلار
ئۇنداق يەردە ئۇيىنسا ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلىدۇ.

بايرام كۈنلىرى دوست ـ يارەنلەر، تونۇش ـ بىلىشلەر
ئۆزئارا ھېيتلىشىپ بولغاندىن كېيىن يىگىتلەر ھاۋالىق
باغلارغا يىغىلىپ، كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇپ، ئەدەبىيات ۋە
سىياسەت ھەققىدە سۆزلىشىپ، مۇھاكىمە قىلىشىپ ۋاقىت
ئۆتكۈزۈشىدۇ. تېخىچە ئوقۇشقا قىزىقماي يۈرگەن ياشلار
بولسا، كوچىدا تاماشا قىلىپ يۈرۈشىدۇ. بەزى بايلار ۋە
موللا ئەپەندىلەر يىغىلىپ قالغان يەرلەردە تەرەققىيپەر-
ۋەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت-
تىكى ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى تۆكۈشنىڭ پىلانلىرىنى تۈ-
زۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئاقماس، تۇتامسىز
مۇھاكىمىلەرنى قىلىشىدۇ. قەشقەردە ھېيت كۈنلىرى ئەنە
شۇنداق ئۆتىدۇ.

## قەشقەردىكى مازارغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى ۋە خانىقالار


قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىچىدە مازارلارغا ئېتىقاد ۋە ئىخ-
لاس قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. خەلقنى شۇنداق
ھېسسىيات، قاراشقا كەلتۈرگەنلەر بىر قىسىم ئۆلىمالاردۇر.
ئۇلار شۇ ئۇسۇلدا ئۆزلىرى شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرى-
شىشنى كۆزلىگەنلىكتىن، ئۇنداق قاراش كۈندىن ـ كۈنگە
خەلق ئىچىدە كۈچەيمەكتە ۋە ئومۇمىي خەلق بۇنداق
خۇراپاتلىققا بارغانسېرى مايىل بولماقتا.

جۈمە ۋە بازار كۈنلىرى مۇرات تاھسىن ئاكام، ئاپپاق
غوجام، سىيىت ئەلى ئارسلانخان تۆرەم، قۇتبىلالى غوجام،
بۇۋى مەريەم مازارلىرىدىكى كىچە بايقۇشلىرىغا ۋە پىت-
نىچى پوپلارغا ئوخشاش بويۇنلىرىغا زۇننار شەكلىدە
تەسۋىلەرنى ئېسىپ خەتمە قۇرئان ئوقۇۋاتقانلار بەكمۇ
كۆلكىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ داخانلار بارومېتىرغا
ئوخشاش ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق دەرىجىسى-
دىن خەۋەر بېرىدىغان، يەنى ئەر بىلەن ئايالنى بىر ـ بە-
رىگە ئامراق قىلىش ياكى ئايالنى ئېرىدىن سوۋۇتۇشتەك
بىر قاتار بىمەنە ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ،
ئۇلار مازارلىقتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەبرىدىن ھەر بىر
كىشىنىڭ ئارزۇسىنى تىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار تىلەكلە-
رىنى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆلۈكلەردىن تىلەشنىڭ
بەكمۇ كۈلكىلىك، ئەقىلگە خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى بىل-
مەيدۇ.

گەرچە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قەبرىلەرگە
قويۇلغان زاتلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلۇغ زاتلار بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرىغا ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى
يېقىپ تۇرۇپ يىغلاش، ئۇ جانسىز جىسىملارغا يالۋۇرۇش
تېخىمۇ كۈلكىلىكتۇر.ئىنسان غەيرەت قىلىپ تىرىشسىلا،
مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىنغۇ! مازارلارنىڭ
گۈمبەزلىرىگە ئېسىلغان قوشقار مۈڭگۈزلىرى، كالىلارنىڭ
قۇيرۇقلىرىغا يۈزلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ، «مازار غوجام،
مېنى باي قىل» ياكى «مېنى شۇ مەقسىتىمگە يەتكۈز»
دېيىشتەك بىر قاتار خۇراپىي ۋە سەپسەتە خاراكتېرىدىكى
ھەرىكەتلەر ئىسلامنىڭ ھۆكمى ۋە قائىدىلىرىدىن ئەمەس.
بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خەلقنىڭ ئاپپاق غوجىنىڭ مازىرىغا
نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئىخلاس بىلەن چوقۇنىدىغانلىقىنى
ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ. بۇ مازارلىققا ھەر كۈنى يۈز
مىڭلاپ توخۇ، تۇخۇم ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئېلىپ كېلىشكەن
قوي، كالىلارمۇ توپ ـ توپ بولۇپ كېتىدۇ. قەشقەرلىكلەر
باشقا مازارلىققا نىسبەتەن ئاپپاق غوجا مازىرىغا بەك چو-
قۇنىدۇ. ھەتتا ناخشىلىرىدىمۇ «ئاپپاق غوجام ئارزۇيۇمنى
ئەمەلگە ئاشۇر» دېگەندەك بىمەنە سۆزلەرنى ئىشلىتىش-
تىنمۇ يانمايدۇ.

بەزى ساددا كىشىلەر بېشى ئاغرىسا دوختۇرغا بېرىش-
نىڭ ئورنىغا ئاپپاق غوجا مازىرىغا يۈگۈرەيدۇ. تۇغمىغان
خوتۇنلار ئاپپاق غوجىنىڭ گۈمبىزىگە ئېسىپ قويۇلغان
رەخت پارچىلىرىنى بەللىرىگە باغلىشىۋالىدۇ. پۈتۈنلەي
نادانلىق سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان بۇنداق ناچارئادەتلەرنى
تۈگىتىش ئۈچۈن قەشقەردە مەكتەپلەرنى كۆپەيتىشتىن، ما-
ئارىپقا جانپىدالىق كۆرسىتىشتىن باشقا ئامال يوق. خەلق
بىلەن بايلار مازارلارغا ، داخانلارغا، بىر توپ ھۇرۇن قە-
لەندەرلەرگە بەرگەن نەزىر ـ سەدىقىلەرنى، بەزمە نامىدا
ئىسراپ قىلىۋاتقان پۇللىرىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش يولىدا
سەرپ قىلسا شەرەپلىك خىزمەت قىلغان بولار ئىدى.

مازارلارغا نەزىر ـ سەدىقە بېرىپ، ئۇ روھسىز



جەسەتلەردىن مەدەت تىلىمەسلىك كېرەك ئىدى. قەشقەردە خانىقالارمۇ مازارلارغا ئوخشاش بىر توپ ھۇرۇن قەلەندەرلەر، ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان ئابداللارنىڭ ماكانى بولۇپتۇ. ئۇلار ئادەم بالىلىرىنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدىغان يالغانچى شەيخلەرنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ۋاي - ۋۇي دېيىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدۇ، ئاچارچىلىقتا زارلىنىپ ئىڭرىشىدۇ. بۇ بىچارە ئەقلى قىسقا ئادەملەر ھايات ۋە ئىش - ئوقەتنى تەرك ئېتىپ، شەيخلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئاخىر پۈتۈن ۋەسلىنى بۇ ئەھمىيەتسىز ھەرىكەت ئۈچۈن تۆگىتىپ، بىر بۇردا نانغا زار بولۇشىدۇ. ئالدىغان بولساق، ماخمۇتبەگ (موسا باينىڭ قېيناتىسى)دېگەن دوستۇم بىر كۈنى مېنى بۇلاقبېشى دېگەن جايدىكى بىر دەرۋىشنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ بىچارە دەرۋىش بەك غۇربەتچىلىك ۋە موھتاجلىققا چۈشۈپ قالغانىكەن. ماخمۇتبەگ كېيىن ماڭا ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قول ئىلكىدە بار، ھال كۈنى ياخشى ئىكەن. كېيىن دەرۋىشلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ھە - ھۇ دەپ يۈرۈپ، بۇ كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىكەن.


قەشقەر ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا قارايدىغان ئائىلىگە مەنسۇپ، ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شەيخ ھاجى مەنسۇر ھەزرەت دېگەن بىر كىشى بار. شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، كىشىلەرگە توغرا يول كۆرسىتىدىغان، ئەركىن پىكىرلىك، گۇناھلىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بۇ زات قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىگە مۇھىدىن تەلئەت دېگەن ئوغلىنى بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتقانىدى. قەشقەردە ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان كىشى مىڭدە بىرگىمۇ يەتمەيۋاتقان چاغدا، بۇ مۆھتەرەم زات ئابدۇقادىربەگ ئىسىملىك ئوغلىنى باشتا ئىستانبۇلغا مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، كېيىن بېيرۇتتىكى ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇشنى خورىتىۋاتقان مازارلارغا چوقۇنۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپاتلىقلار بۇ يۇرتنىڭ تەقدىرىنى پاتقاققا پاتۇرماقتا. بۇ يۇرتنىڭ تەقدىرى ئاشۇنداق ئەجەبلىنەرلىك ئىشلارنىڭ قۇربانى بولغاچقا، يۇرتنىڭ ھاياتى ۋە ئىستىقبالى گۇمانلىق بولۇتلار ئارىسىدا قېلىپ، قارا بورانلار ئىچىدە بوغۇلماقتا. كۆزلىرىمىزنى ئاچايلى! ئىلىم - ئىرپان ئۆگىنىپ، مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **يالقۇن روزى**

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**

# خەير - خوش، خوتەن قەغىزى




خوتەن قەغىزى ياسايدىغان ئۇستامنى يوقلاپ كې-لىشنى ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم. 2002 ـ يىلى ئاخىرى بۇ ئارزۇيۇمغىمۇ يەتتىم.

بىز ماشىنىدا خوتەن شەھىرىدىن ئۆتۈپ قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. توختى باقى ئاتلىق بوۋاي مۇشۇ جايدا ئولتۇراتتى. بۇ بوۋاي ھازىر خوتەن قەغىزى ياسىيالايدىغان بىردىنبىر ئۇستا يەنە كېلىپ مېنىڭ كونا بۇرادىرىم.

ماشىنىدىن چۈشۈپ ماڭا تولىمۇ تونۇش بولغان كىچىك ياغاچ قوۋۇقنى ئېچىپ «توختى ئاكا بارمۇ؟» دەپ توۋلىدىم. بىردەمدىن كېيىن توختى ئاكا چىقىپ كەلدى. بۇ يىل 75 ياشقا كىرگەن بۇ بوۋاينىڭ ئون يىل بۇرۇنقىدەكلا تېمەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

قىزغىن كۆرۈشۈشتىن كېيىن بوۋايغا بۇ قېتىم ئۇنىڭ خوتەن قەغىزىنى ياساش جەريانىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئوچۇق - يورۇق بۇ بوۋاي بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە ماقۇل بولدى.



بوۋاي بۇ ئىشنى شۇ زاماتلا باشلىۋەتتى. چوڭ ئوغلى باقى تۇرسۇننى ئارقا ھويلىدىن بىر باغلام ئۆجمە شېخى سۇندۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن بوۋاي يېرىك قوللىرى بىلەن قېنىق رەڭلىك ئۆجمە قوۋزىقىنى چاققانلىق بىلەن سويۇپ ئاق قەۋىتىنى ئايرىپ قويدى. ئاپتاپتا قۇرۇپ بولغان ئۆجمە قوۋزىقىنى قوي قوتىنى ئالدىدىكى لىق سۇ توشقۇزۇلغان چوڭ قازانغا سېلىپ قايناتتى. قوۋزاق قايناپ يۇمشىغاندىن كېيىن ئىچىگە توغرو سالدى. ئاندىن قاينىتىپ بولغان قوۋزاقنى قازاندىن سۈزۈۋېلىپ تۆت سىگىرلىق نېپىز تاش تاختايغا قويدى. بوۋاي تاختاي ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تىزىغا پەرتۇق تارتىپ، توقماق بىلەن قوۋزاقنى يانچىشقا باشلىدى. بوۋاي يانچىغان توقماقنى ئېلىپ يانچىپ باقتىم. بۇنىڭغىمۇ ماھارەت كېتىدىكەن. قاملاشتۇرالمىسا قوۋزاق ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدىكەن ياكى توقماق پېتىپ قالىدىكەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا قوللىرىم تېلىپ ئاغرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن توقماقنى بوۋايغا قايتۇردۇم. بوۋاي ئۇنتۇق قىلىنغان ئۆجمە قوۋزىقىنى ماتالارغا قويۇپ پەكوك بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. قوۋزاق تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ قەغەز بوتقىسىدىن بىر چۆمۈچ (پېچكوك دېيىلىدۇ) ئېلىپ تېيىز سۇ كۆلچىكىگە قويۇلغان تورلۇق ياغاچ قېلىپقا قۇيدى ھەمدە بوتقا قېلىپتا تەكشى يېيىلغىچە پەكوك بىلەن توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ تۇردى. ئاندىن بوۋاي قېلىپنى تۈز كۆتۈرۈپ كۆلچەكتىن ئېلىپ ئاپتاپقا سالدى. بوتقا قۇرۇغاندىن كېيىن قېلىپتىن چىقىرىلسا خوتەن قەغىزى پۈتكەن بولاتتى.



2003.2

سۈرەت تارتىش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بوۋاينىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاچ تاۋۇز بىلەن نان يېدۇق. بوۋاي ساغلام، بالىلىرىمۇ كۆيۈمچان، تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. بوۋاي خۇشاللىقلىرىنى يەنە، ئۆزىنىڭ 2002 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك مۇزېيىدا خەلقئارالىق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىدا خوتەن قەغىزى ياساپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بوۋايغا چاقچاق قىلىپ «ئامېرىكا بەلەنمىكەن؟» دېسەم، بوۋاي «قانداق بىرىپ، قانداق كەلگىنىمنى بىلمەي قالدىم. يەنىلا ئۆيۈم ياخشى ئىكەن»دېۋىدى، ئىككىمىزلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. خوتەن قەغىزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا توختالغاندا توختى بوۋاينىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىشكە باشلىدى. ھازىر خوتەن قەغىزىنى ئىشلىتىدىغانلار كۈندىن كۈنگە ئازلاپ كېتىپتۇ. بالىسىمۇ ئاتا مىراس بۇ كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىشنى خالىمايدىكەن. ئەجدادلارنىڭ ھۈنىرى بوۋاينىڭ دەۋرىگە كەلگەندە يوقىلىش ئالدىدا تۇراتتى. خوتەن قەغىزى شۇەنزى قەغىزىگە ئوخشاش قىممەتلىك مىراس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان تارىخى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى





خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان. يېقىندا قۇمۇلدىمۇ خوتەن قەغىزىنىڭ ئىزنالىرى بايقالدى. بىراق ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن قەغىزى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. ھازىر گەرچە ئۇيغۇرلار خوتەن قەغىزىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى دەپ ئۇنى دوپپا، كاستۇملارنىڭ قىستۇرما قەغىزى قىلسىمۇ، خوتەن قەغىزى يەنىلا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى.

بوۋاي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بوۋاينىڭ غەم باسقان ھەسرەتلىك چىرايى خىيالىمدىن كەتمەي، كاللامدا شۇنداق خىيال پەيدا بولدى: «بوۋاي بىلەن خوشلاشتىم، خوتەن قەغىزى بىلەنمۇ خەيرلىشەرمىزمۇ؟»

(خەن ۋېن ئىمزالىق بۇ ماقالە «يىپەك يولىغا ساياھەت» ژۇرنىلىنىڭ 31 ـ سانىدىن ئېلىندى)

**خەن ليەنيۈن فوتوسى**

**بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئايتماتوف:** ھەئە، ئۇرۇش يىللىرىدا قولىغا قورال ئېلىشقا يارايدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانىنىڭ كۆزى بولغان ئەمەسمۇ؟ كەمپىر ـ چال، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلدىن باشقا تېرىكى يوق ئاۋۇلغا 13 ـ 14 ياشتىكى بىزلەر زور كۈچ ـ قۇدرەت ئىدۇق. باشقارما كولخوزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ۋەيران بولغاچقا، كىچىك بالىلارنى مەكتەپتىن سۇغۇرۇپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇچرىغان ئىشقا سالىدۇ. مېنىڭ سومكا كۆتۈرۈپ، شېكەر، ئارچاگۇل ئاۋۇللۇق كېڭەشكە كاتىپ بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم، سەيتالىنىڭ مەكتەپ باشلىقلىقىغا ئۆسكەن ۋاقتى ئىدى. ئازدۇر ـ كۆپتۇر ساۋادى بار، ھېسابىنىڭ ئاددىي ئەمەللىرىنى ئاران ـ ئاران بىلىدىغانلار «مۇئەللىم» دېيىلىپ، دەرس بېرىشەتتى.

**چاقانوف:** كېيىن بىر ئۇچراشقىنىمىزدا سەيتالى ئاكا سىز توغرىلىق ئۇزاق پاراڭ قىلىپ بەردى:

«مەكتەپتە باشقا تەڭتۇشلىرىمىزدىن بىرقەدەر ياخشى ئوقۇغان چىڭغىز ئىككىمىز ئۆزىمىزچە مەسئۇل خىزمەتتە يۈرسەكمۇ، ياز ئايلىرىدا ئېكىن ئورۇشقا، خامان تېپىشقا، ئېرىق قېزىپ، كالا ھارۋىسى ھەيدەشكە قىزغىن كىرىشىپ كېتەتتۇق. بولۇپمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇغان توختاسىن، بايزبەك، ئالبەك بەشىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايتتۇق. تاڭ ئاقىرىپ، تورغاي سايرىشى بىلەنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قوللىرىمىزغا كەتمەن، ئورغاق، ئارا ئېلىپ كۈن پاتقۇچە بەل سوزۇۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشلەيتتۇق. قانچىلىك قىينالساقمۇ ئانىلىرىمىزنىڭ:

— داداڭلار ئامان قايتىپ كەلسە، تارتقان جاپا مۇشەققەتڭلار بىردەمدىلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ـ دېگەن سۆزلىرى كۆڭۈلگە يۆلەك ئىدى.

بىر كۈنى كولخوز باشقارمىسى بىر توپ باللار ئەچىدىن چىڭغىز ئىككىمىزنى مايماق بېكىتىگە ئەۋەتتى. ھارۋىغا لىقمۇلىق بېسىلغان خالتا ـ خالتا بۇغداينى ئېلىپ، قامچا دەستىدىنلا ماڭىدىغان يالقاۋ ئۆكۈزنى ئاستا ھەيدەپ، ھەر كۈنى مايماققا ماڭىمىز، چاڭقايغان كۈنگە ماڭلىيىمىزنى قاقلاپ، ئاشلىق تەييارلاش بۆلۈمىگە بارغۇچە چۈش بولۇپ كېتىدۇ. بۆلۈم باشلىقى ناۋمىنكوۋ دېگەن مەرد، رۇس ئەزىمەتى بىزنى كۆرۈش بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالاتتى. رۇس تىلىنى سۇدەك بىلىدىغان

چىڭغىز ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىشەتتى. شۇنىڭ سايىسىدا ئىشىمىزمۇ ئوڭغا تارتاتتى. چىڭغىز ماڭا قارىغاندا چىدامىلىق بولۇپ، يوغان ـ يوغان تـاغـارلارنى مۈرىسىگە ئارتىپ، پەلەمپەيدىن قىينالماستىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. ھەممە خەق تاغارنى سۆرىگىنىچە دۆۋىلەنگەن بۇغداي ئۈستىگە قويۇلغان تاختاي بىلەن ئاران ئۆمىلەپ ماڭغىنىدا، بىز ئىشىمىزنى تولىمۇ رەتلىك پۈتتۈرۈپ، ئاۋۇلغا قاراپ ماڭاتتۇق. قايتار يولىمىزدا يالقاۋ ئۆكۈزلەرمۇ يـۈگـۈرۈك بولۇپ كېتەتتى. قۇرۇق ھارۋىنى شېغىللىق يولدا تاراقلاتقان پېتى، بەس ـ بەسكە چۈشەتتۇق. يېرىم يولدا ئۆيدىن ئېلىۋالغان گۆشسىز كۈچا بىلەن بىر پارچە ناننى يەۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىمىز تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ نـاخـشـا ئېيتاتتۇق. چىڭغىزنىڭ قولىدىن ھەرقانداق چاغدا رۇس كلاسسىك كىتابلىرى چۈشمەيتتى. بەزىدە ماڭا ئوقۇغان ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ دادىسىغا، ئاپىسىغا، ئۇستازلىرىغا، قىزلارغا يازغان شېئىرلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم مەنمۇ كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان بىر قىزغا شېئىر يازدۇرغانىدىم.

1944 ـ يىلىغۇ دەيمەن، بۆلۈمگە كەلسەم، چىڭغىـز ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى:

—سەيتالى، ناھىيە مەركىزى كرووۋقا بېرىپ زايىۇمنىڭ پۇلىنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئارىلىق يــىراق، يەنە كېلىپ پۇل ئېلىپ يۈرۈش خەۋپلىك، بىللە بېرىپ مۇشۇ ئىشنى تۈگىتىپ كەلسەك قانداق؟ ئۆكۈز ھارۋىمۇ تەييار، ـ دېدى.

مەكتەپنىڭ ئىشى چېچىمدىن تولا بولسىمۇ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى قىيماي ماقۇل بولدۇم. ئەتىسى چۈش مەھەللىدە ئىزدەپ چىققان ئىدارىمىزنى سوراپ تېپىپ، ئۆكۈزلىرىمىزنى سۇغىرىپ، زاغرا نېنىمىزنى يەپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئورتا بوي، كەڭ يەلكىلىك، قارا بۇرۇتلۇق يىگىت يېنىمىزغا كېلىپ:

—باللار نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟—دەپ سالاملاشتى.

ھال ئەھۋالىمىزنى چۈشەندۈردۇق.

—سەن كىمنىڭ بالىسى؟—دېدى ھېلـىـقى ئـادەم چىڭغىزغا بۇرۇلۇپ.

—تۆرەقۇل ئايتماتوفنىڭ،— دېيىشى بىلەنلا، ئۇ يىگىت:

—ۋاي ئاللا، ئېسىل ئادەمنىڭ بالىسىكەنسەنغۇ؟!—دەپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە چىڭغىزنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كەتتى ۋە، —غوجامقۇل دېگەن ئاكاڭ بولىمەن، ناھىيىلىك ئامانەت فوندىنىڭ باشلىقىمەن. ئەزىمەت سۇپىتىدە دەس تۇرۇشۇمغا ياردەم بەرگەن كىشى تۆرەقۇل ئاكا ئىدى، قىلغان ياخشىلىقىنى بۇ ئالەمدە قايتۇرالمايمەن، —دېدى.

غوجامقۇل بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئامانەت فوندىنىڭ بىر بۆلۈمىدە ئولتۇرىدىكەن. ئۇ ئىككىمــــىزنى دەرھــال ئۆيىگە باشلاپ تۆرگە چىقاردى. ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى يېگۈزدى ۋە زايىۇمنىڭ پۇلىنى ساناپ ئېلىپ، كۆتىكىنى قولىمىزغا تۇتقۇزدى. ئەتىسى ئاۋۇلغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

—ئۇچاڭغا كىيىم ئېلىپ كەي، ھازىرچە قولۇمدا بارى مۇشۇ، — دەپ بىر تېڭىق پۇلنى چىڭغىزنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

شۇ يىلىنىڭ كۈز مەزگىلىدە چىڭغىز ئىككىمىز جامبۇلغا قاراپ يولغا چىقتۇق ۋە غوجامقۇل ئاكا بەرگەن پۇلغا ئات چاپار دېگەن بازارنى كېزىپ يۈرۈپ، ئىكـكـى ھـەربـىي پەشمەت، شىم، يۇلتۇزلىرى چاقناپ تۇرغان جۇپ باش كىيىم، بەلباغ سېتىۋالدۇق ۋە ئەلكۈنىنىڭ كۆزىدىن يىراقراق بېرىپ دەرھال كىيىم يەڭگۈشلەپ، كىچىككىنە قىزىل ئەسكەرگە ئايلاندۇق.

سىزنىڭ ياشلىق ھاياتىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ھېكايە ئاڭلىدىم. يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتـــدا ســىزدىن ئىككى سىنىپ تۆۋەن ئوقۇغان مۇسا قاسىموف دېگەن كىشى بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدىم. تولىمۇ پاراڭچى كىشىكەن. سىزنىڭ قىرغىز چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ فېرمىسىدا باش مال دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقان يىگىت چاغلىرىڭىز توغرىسىدا ئاز ـ پاز سۆزلىدى.

**ئايتماتوف:** ھە، 1956 ـ يىلى سېنتەبىر ئېيىدا گوركىي نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭغىنىـــمــدا خىزمىتىمنى مۇساغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدىم.

**چاقانوف:** مۇسا سىزنىڭ تارتىمچىڭىزدىن رۇس تىلىدا يېزىلغان ئىككى ئىلمىي ماقالىڭىزنى تېپىۋاپتۇ. بىرى ماشىنىڭىزدا بېسىلغان. بىرى، قول يازما ھالىتىدىكى «ئۈچ

قېتىم تولۇق سېغىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟» ۋە «كۆممقوناق چارۋىلارغا ئوزۇق بولىدۇ» دېگەن ماقالىلىرىڭىز ئىكەن. يىگىت چېغىڭىزدا قەلەم تەۋرەتكەن ئەسىرىڭىزنى مۇسا قىرىق يىلدىن بۇيان ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق تەۋەررۈكى سۈپىتىدە قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بەلكىم چىكەمنىڭ بىرەر ھاجىتىگە ياراپ قالار، دېگەن بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا كۆچۈرمىسىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى. مۇسا ئاكا سىز توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دېدى:

«چىكەم فېرمىغا مال دوختۇرى بولۇپ كېلىش بىلەنلا چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن تەكلىپلەرنى قاردەك ياغدۇرۇپ، بۇ ئىشلارغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلاتتى. 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىز دىيارىغا ئېسىل نەسىللىك سىيىرلار، بۇقىلار ئېلىپ كېلىندى. نەتىجىدە مالنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، سۈتنىڭ ماي تەركىبى ئاشتى. چىكەم يىلقىلارنى نەسىللەندۈرۈشكىمۇ كۆپ كۈچ چىقاردى. بولۇپمۇ يۈگۈرۈك ئاتقا مىنگەندە ناھايىتى روھلىنىپ كېتەتتى. يىلقىنىڭ ھاياتى ۋە پىسخولوگىيىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكىنى ‹خەير خوش گۈلسارە› پوۋېستىدا ئېنىق ئىپادىلىمىدىمۇ؟ چىكەم ئەدەبىياتقا يۈزلەنمىگەن بولسا چارۋىچىلىق ساھەسىنىڭ ئاتاقلىق ئاكادېمىك ئالىمى بولۇشقا قىل سىغمايتتى».

**ئايتماتوف:** ئارزۇيۇڭغا تىلەكداش يېقىن ئادەم بولغاچقا دەۋېرىدىغۇ، تەقدىر دېگەن شۇنداقكەن.

خوش، پاراڭنى ئەمدى ساڭا يۆتكەيلى. دراماتورگ قالتاي مۇھەممەتجانوف ئۈچىمىز تاشكەنتكە كېتىۋېتىپ سېنىڭ تۇغۇلغان ئۆلكەڭ شىمالىي قازاقىستان ئوبلاستىغا چۈشمىدۇقمۇ؟ «يولاي پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىككىنچى مەككىسى» دەپ ئاتالغان تۈركىستان يېرىدە ياتقان خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدۇق. بىزنى سېرىك سەيىتجانوف، ئالىمجان قۇرتايىف ۋە قۇۋانىش ئايتاخونوف دېگەن ئىنىلىرىڭ كۈتۈۋېلىپ، ئۆتىرار باتۇرلۇقى ھەققىدە كۆپ ھېكايە قىلىپ بەردى. مەن ئىلگىرىكىدىكىلەر ئاغزىدىن ئۆترار، تۈركىستان توغرىسىدا تالاي قىسسىلەرگە قانغانىدىم. ھەدېسىلا ئۆترار ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ شىر يۈرەك قەھرىمانلىقلىرىنى بىرلەپ ساناپ كۈيلەيدىغانلىقىڭغا قاراپ، تۇغۇلغان يېرىڭگە چەمبەرچاس باغلانغان پەرزەنتنىڭ بىرى ئىكەن دەپ ئويلايتتىم. ئۆز ۋاقتىدا ئۆترار ھەققىدىكى داستانىڭ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

**چاقانوف:** دادام رەھمەتلىك ساۋاتلىق، ئەرەبچە قىسسە داستانلارنى كۆپ ئوقۇغان، ھېكايىلەرگە ئۇستا ئادەم ئىدى. ئانچە ـ مۇنچە موللىلىقمۇ بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا :

... قوشۇلغان مالچىغا،

موللىنى، بايلارنى

ساۋىدا قامچىدا، دەپ شائىر كۈيلىگەن سىياسەتنىڭ كاساپىتى بىلەن تۇغۇلغان يېرىدىن كۆچۈپ، تۆلەبى ناھىيىسىنىڭ قاشقاسۇ ناھىيىسىگە تۇرمۇشقا چىققان ئىززەت دېگەن قىزنى پاناھلايدۇ. كۆچۈپ كەلگەندە مەن تېخى قىرقىمدىن چىقمىغان ئەتىمە قىزىل قۇرت ئىكەنمەن. دادام توققۇز يېشىمدا ئالەمدىن ئۆتتى. كىچىكىمدە تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۆترارنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولغان شىر يۈرەك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھەققىدە تالاي قېتىم ھېكايە قىلغىنى ھازىرمۇ يادىمدا. گاھىدا ئانامنىڭ «بالا بەك كىچىك، چۈشىنەلەرمۇ؟» دېگەن گېپىگە، «ياق، چۈشىنىشى كېرەك، چۈشەنمىسە ئۆزىگە تەس، يىلتىزى تىرەنگە تارتالمىغان دەرەخنىڭ ھەر قاچان ئۆمرى كوتا» دەيدىغان.

يەر يۈزىگە سىغماي قالغان ئەسكەر بىلەن ئالەمنى بېسىۋېلىشقا ئىنتىلگەن چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇنارلىرى، گۈزەل شەھەرلىرىنى بار ـ يوقى 15 كۈننىڭ ئىچىدە بويسۇندۇرۇپ بولدى. قارشى تۇرغاننىڭ ھەممىسىنى ئات تۇياقلىرى بىلەن چەيلىگەن ئەجەللىك كۈچنىڭ سۈرىدىن قورققان بەزىبىر شەھەر ئەمىرلىرى دەرۋازىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ بېرىشتى. ئۆترار بولسا ئالتە ئايغىچە دۈشمەنگە بوي بەرمەي، جانپىدالىق بىلەن ئېلىشتى. چىڭگىزخان «ئۆترارىدا ئەركەك نەسلى قالمىسۇن»دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. قەيسەر قايىرخان بىلەن تۇغۇلغان يېرىگە يىلتىز تارتىپ، تاپان تىرىيەلمىگەن، ئۆترارنىڭ دەرۋازىسىنى چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە ئېچىپ بەرگەن ساتقىننىڭ تراگېدىيىسى ماڭا ساۋاق بولدى. مۇشۇ ھېكايىسى ئۈچۈنلا دادام، دادام ئارقىلىق ئۆترار

مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپتىخارىمغا ئايلاندى. گاھىدا كۆزۈمنى يۇمساملا ئۇترار يېغىلىقلىرى توغرۇلۇق ھېكايە ئېيتىۋاتقان دادام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. دادامنىڭ كىچىكىمدىنلا سىڭدۈرگەن تەلىمى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم مېنى تامامەن باشقا يولغا ئېلىپ چىققاندۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئادەتلىرىمۇ مېنىڭ كۈندىلىك ئادىتىمگە ئايلاندى. مەسىلەن، نېمىشقىلىكىنى بىلمەيمەن، دادام رەھمەتلىك چۈشكىچە زادى چېچىنى ئالدۇرمايتتى. مەنمۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە چېچىمنى بىرەر قېتىممۇ چۈشتىن ئىلگىرى ئالدۇرۇپ باقماپتىمەن. بىر قېتىم ئامېرىكىغا ئەتە چۈشتىكى ئايروپىلان بىلەن ئۇچىمەن، دەپ تۇرغاندا چاچ ئالدۇرۇشۇم كېرەكلىكى ئېسىمگە كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن، ساتىراچخانا ئېتىك، ئەتە چۈشكىچە ۋاقتىم بار. بىراق بالا چېغىمدىن باشلاپ دادامدىن قالغان ئادەتنى بۇزۇشقا بولمايتتى. ئىلاجىم يوق چېچىمنى پاخپايتىپ، باشقا قۇرۇلۇققا مېڭىپ كەتتىم...

1992 ـ يىلى ئۇترار تۇپرىقىدا يۇرتداشلىرىمنىڭ تەلىپى بىلەن ئىجادىيەت كېچىلىكىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. تومۇزنىڭ ئاخىرى، يەر قوق، ئاسمان چوغ، چىدىغۇسىز تىنجىق. مېنى مەركەزدىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتا ناھىيە چېگرىسى ھېسابلىنىدىغان ئىنس ـ جىن يوق يەردە 3000 غا مىڭغا يېقىن يۇرتدىشىم قارشى ئالدى. دادامنى كۆرگەن بوۋايلار بىلەن ئاق ياغلىقلىق بۇزرۇكۋار ئانىلارنىڭ قۇچاقلىرى مېنى كەينى ـ كەينىدىن تارتىپ، ئاسانلىقچە قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس. شائىرلار ئارقا ـ ئارقىدىن شېئىر ئوقۇپ، ھۇۋۇلداپ ياتقان دالىنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا كۆمۈۋەتتى. ئۈچ ئانا ئۇترار تۇپىسىنى ئالتۇن يىپ بىلەن كەشتىلىگەن ئاق يىپەككە تۇمار قىلىپ ئوراپ:

— تايچىقىم، قەيەردە يۈرسەڭمۇ تۇغۇلغان تۇپرىقىڭنىڭ خىسلىتى سېنى يۆلەپ تۇرسۇن، — دەپ بوينۇمغا ئېسىپ قويدى. ئۆمرۈمدە ئۆز ئېلىمدىن باشقا ئەللەرنىڭمۇ بەزى ھۆرمەتلىك، كاتتا مۇكاپاتلىرىنى ئالغانمەن، بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى مۇشۇ تۇغۇلغان يېرىمنىڭ تۇپرىقى تۆكۈلگەن تۇماردەك ھاياجانلاندۇرمىغانىدى.

ئايتماتوف: شۇنداق، بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يىراققا كۆچىدىغان بولسا، ئىرىم قىلىپ بېلىگە تۇغۇلغان يېرىنىڭ تۇپىسىنى تۈگۈۋالاتتىكەن. ئۇرۇشقا ئاتالانغان ئوغلانلارغا ئۇلارنىڭ يۇرتتا قىلىۋاتقان دىلدارلىرى تاۋا نېنىنىڭ بىر چېتىنى چىشلىتىپ ساقلاپ قويۇشاتتىكەن. بۇنداق قىلىشى «تۇغۇلغان يەرنىڭ رىسقى تارتىپ، ئامان ـ ئېسەن يۇرتقا قايتىپ كەلسۇن» دېگەن ئىزگۈ تىلەك ئىدى.

چاقانوف: چىكە، تارىخىي ئەسىدىلىككە مۇناسىۋەتلىك، ئۆزۈمنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى.

مېنىڭ سىرگىي تېرەشىنكو دەيدىغان يۇرتدىشىم بار. ئۇ ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن قازاقچە سۆزلەيدىغان بولسا، مەنمەن دېگەن قازاقلارنى يولدا قويىدۇ. ئۇ بىر نەچچە يىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىدى. چىمكەنت ئوبلاستلىق پارتكومنى باشقۇردى. كېيىن جۇمھۇرىيەت مىنىسترلار ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى بولدى. سىرگىينىڭ دادىسىمۇ تۆلكە باش ناھىيىسىنىڭ زور بىر ئىگىلىكىنى ئۇزاق يىللار باشقۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مېھنەت قەھرىمانى بولغان ئەل يۇرتىغا قەدىرلىك بوۋاي.

موڭغۇل خەلقىنىڭ تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى جۇگدىرىمىدىن گۇرراكچا دېگەن دوستۇمنىمۇ سىرتىدىن ياخشى بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ سىزنىڭ نۇرغۇن تىلدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنى توپلاپ يۈرىدۇ. «كائىناتتا يەنە ئۇچسام ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن» دېگەنىدى. مانا شۇ قەدىردان دوستۇمنى ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان يېرىمگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ سىرگىي تېرەشىنكوغا يولۇقۇپ قالدىم.

گۇرراكچا دوستۇڭغا ئۇترارنى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يەر بىلەن يەكسان قىلغان شەھەرلەرنىڭ ئىزناسىنى كۆرسەت، بەلكىم بۇ ئۇنىڭدا ئۆزگىچە ئوي ـ پىكىر قوزغاپ قالار، دەپ مۇغەمبەرلەرچە ھىجايغانىدى. سىرگىينىڭ ھەزىلىنىڭ كەينىگە كۆڭلۈمنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلغان سىرنىڭ بارلىقىنى ئۇ چاغدا ھېس قىلماپتىمەن. ئۇترارغا قەدەم باستۇق. ناھىيە باشلىقلىرى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. ئاخشىمى يېڭىدىن سېلىنغان ئەبۇنەسىر فارابى نامىدىكى مەدەنىيەت سارىيىدا ئىككىمىز بىلەن ئۇچرىشىش پىلانلانغانىدى. چۈش قىيىلىپ، ئەل يۇرتنى ئارىلاشقا چىقىش ئالدىدا مۇشۇ ئۆلكىدىكى يېقىن ئىنىلىرىمنىڭ بىرى قانىيگىت سىدىقوۋ بىلەن ئەبۇلقاسىم

قۇلۇمبەتوفتىن ماڭا «ئۇترار ناھىيىسىنىڭ ھۆرمەتلىك يارەنى»دېگەن نام بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى ئايال ئالەم ئۇچقۇچىسى تېرشكوف نامىدا ئالمۇتادا تىككۈچىلىك فابرىكىسى بار، گاگارىن، تىتوف، نىكولايىف ناملىرىدىكى مەكتەپلەر بىلەن كوچىلار قازاقىستاندا يۈزلەپ سانىلىدۇ. ئەرش باغرىنى كېزىپ قايتقان ھەر بىر ئالەم ئۇچقۇچىسىغا قونغان يېرىگە قاراپ جەز قازغان، ئارقالىق شەھەرلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك يارەنى نامىنى بېرىش شۇ چاغلاردا ئەنئەنىگە ئايلانغاندى. گۇرراكچا بولسا شىمالىي ئۆلكىگە، ئۇترارغا تۇنجى قېتىم كەلگەن. ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق نام بېرىپ قويسا بۇنىڭغا ھېچكىممۇ غىڭ قىلالمايتتى. سىياسەت جەھەتتە بۇ تېخى مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدىكى ناھىيە ھاكىمى مۇھەممەتقاسىم ساكەنوف:

—مۇختار، ئېيتقىنىڭىز توغرا، بىراق بۇ مەسىلىنى ئاۋۋال مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلايلى، —دېدى.

باش ئەتىياز مەزگىلى. ئاپتاپتىن ھۇزۇرلانغان دالا ياپيېشىل ئوت- چۆپكە چۆمكىنىپ، مەيىن ھور چىقارماقتا ئىدى. ۋەيران بولغان ئۇترارنىڭ ئىزناسىنى گۇرراكچا بىلەن بىللە ئۇزاق ئارىلىدۇق. بۇ يەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ بويىدىكى 150 مىڭ ئاھالىسى بار، ھەيۋەتلىك شەھەر، گۈللەنگەن مەدەنىيەت سودا مەركىزى ئىدى، دېسە كىشى چىنپۇتمەيتتى.

ئۆز زامانىسىدا ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن راۋاجلانغان ئۇترااردا دۇنيانىڭ ئارىستوتىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستازى، دەپ ئاتالغان ئەبۇ نەسىر ئەلفارابى تۇغۇلغان. ئەلفارابىدەك ئالىملارمۇ مۇشۇ زېمىندا يېتىشىپ چىققاندى. ھەتتا شەھەرگە سۇمۇ قۇبۇر (تۇرۇبا) ئارقىلىق كېلىپ تۇرغانىدى دېسە بىلمەيدىغان كىشىگە بۇ خۇددى چۆچەكلەردەك بىلىنىشى مۇمكىن. شۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قېلىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. ئەركەك نەسلى قالمىسۇن، دېگەن بۇيرۇقنىڭ تۈرتكىسىدە ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، يۇمران بالىلارنىڭ بېشىنى نەيزىگە سانچىغان رەھىمسىز كۆرۈنۈشلەرنى بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزىنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدە ساقلاپ قالدى. بۇنىڭغا ھەممە دەرد- ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتقان مانا مۇشۇ مۆكچەيگەن دۇمبەلچىلەر بىلەن ئاپتاپسىنىپ ياتقان دۆۋىلەرلا گۇۋاھ.

بىز ئۆلۈك شەھەر بىلەن ئىچىمىزدىلا سىردىشىپ، ئېتەككە چۈشكەندە ئاۋۋال كىشىلىرى كۆك مايسا ئۈستىگە گىلەم، كۆرپە، ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىپ، ساماۋەرنى ۋاراقشىتىپ قاينىتىپ ئولتۇرۇپتىكەن. تۇغۇلغان يېرىڭنى ۋەيران قىلغان، ئەلكۈنىنى چۆپتەك قىرغان، ئىلىم- پەننى، مەدەنىيەتنى يۈزلىگەن يىللاپ كەينىگە چېكىندۈرگەن، ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان چىڭگىزخان ئەۋلادى بىلەن ئارىدىن يەتتە يېرىم ئەسىر ئۆتكەندە، ئۆزئارا جان ئاياشمايدىغان دوست بولۇپ، بىر چاغلاردا ئاتا- بوۋىلىرى كۆلنى كۆككە سورۇۋەتكەن ئۆلۈك شەھەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى ئەسكە ئېلىشقا ئەرزىگۇدەك ھېچنېمە يوقتەك، خىلمۇ خىل ھەزىل چاقچاقلا بېشىمىزچە كىرىپ كېتىمىز دەپ كىم ئويلىغان؟

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، يېنىمىزغا مەن تولىمۇ قەدىرلەيدىغان مۇسابەك ئاجىبېكوف، قۇتۇم ئوردا، بايوف باشلىغان بىر توپ كىشى كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدھەم چىلتەرىف دېگەن ئاقساقال كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. بۇ جەنۇبىي ئۆلكىنىڭ شەجەرىسىنى سۇدەك ئىچىۋالغان، ھەمىشە تارىخىي تېمىدا قەلەم تەۋرىتىپ ماقالە يازىدىغان ئۆتكۈر بوۋاي ئىدى.

سالام- سائەتتىن كېيىن ئۇلار مېنى ئوڭچە سۆزلەشىشكە ئېلىپ چىقتى.

مۇختارجان، سەن بايا ناھىيە باشلىقلىرىغا بىر تەكلىپ بېرىپسەن. موڭغۇل ئالەم ئۇچقۇچىسى سېنىڭ مېھمىنىڭ، دوستۇڭ بولغاچقا خەلقىمىزنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى كۆرسىتىمىز. ئەمدى ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك «ئۇترارنىڭ ھۆرمەتلىك يارەنى» دېگەن نامنى بېرىشىمىز قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى شۇنچە رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولسا، ھازىر بەش كۈنلۈك يەردىن ئۇترارنىڭ كۆك مۇنارلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرماسمىدى؟ پەقەت ئۇترارلا ئەمەس، سىر بويىدىكى يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن 42 بالىقنى نەگە قويىمىز؟ گۇرراكچىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ دەيدىغانسەن. راست، ئۇنىڭ تىرناقچىلىك

گۇناھى يوقلۇقنى بىزمۇ ياخشى بىلىمىز. بىراق گۇرراكچا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۈچۈن ياكى قان تەركىبي نۇقتىسىدىن جاۋابكار بولىدىغاندۇ. ئۆتكەن ئىشقا ئاداۋەت ساقلاش ئۆرپ - ئادىتىمىزدە يوق. بىراق ئۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك، دېدى ۋە ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتتى. بېشىمدىن بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك سەگىپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىلىقىدىن ئۇيۇلۇپ ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدىم. ياپىرىمەي! تالايلارنى ئاغزىمغا قاراتقان شائىر بولسامۇ ماۋۇ خەزىنە قەلب، تارىخكۆز مۆتىۋەرلەردىن يەنىلا تۆۋەن ئىكەنمەنغۇ؟!

دادام ئېسىمگە كەلدى، ئۇنىڭ توققۇز يېشىمغىچە ئۇترارنىڭ قەھرىمانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ بېرىشىنىڭ تېگىدە مۇشۇنداق تىرەن مەنىنىڭ بارلىقىنى كىم ئويلاپتۇ؟

كېيىن گۇرراكچاغا مۆتىۋەرلەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئېيتىۋېدىم، ئۇ:

— ئاۋۇلۇڭدا ھەر بىر باسقان قەدىمنى ئۇنتۇمايدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى قوغدايدىغان مۇشۇنداق مۆتىۋەرلەرنىڭ بولۇشىمۇ سېنىڭ شائىرلىق بەختىڭ، — دېدى چىن نىيىتى بىلەن .

**ئايتماتوف:** ھەئە، ئەۋلادلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ شارائىتلاردا ھەر بىر قەدەمنى ئاۋايلاپ بېسىش كېرەك. ئالەمنىڭ يېرىمىنى رەھىمسىز ئىشغال قىلغان چىڭگىزخان بۇنى ئويلىغانمىكىن؟ بىراق مانا بىر نەچچە ئەسىر ئۆتتى، دېمىسىمۇ گۇرراكچىنىڭ گۇناھى يوق. ئۇنى ئاۋۇلۇڭدىكى ئەقىللىق مۆتىۋەرلەرمۇ تۇيۇپتۇ. تارىخي ئەستىلىكلەر بىلەن ھېسابلاشماسلىق ماڭقۇرتلۇق بولىدۇ. يەنى ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇساڭ ئەرۋاھلارنىڭ ھازىسىغا، بۈگۈنۈڭ بىلەنلا ياشىساڭ، كېلەچەكنىڭ تاپىسىغا قالىسەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ سارغايغان ۋاراقلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، كىملەرنىڭ كۆكسىگە كىملەرنىڭ تىزى پاتمىغان؟ تارىخي خاتىرىلەرنى يوقاتمايمىز، دەپ چىڭگىزخان ئۈچۈن پۈتكۈل موڭغۇل خەلقىنى، گىتلېرنى دەپ پۈتكۈل گېرمان خەلقىنى ئەيىبلەشكە نېمە ھوقۇقىمىز بار؟ مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا 100 يىل ئۇرۇش بولغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىزلار بىلەن فرانسۇزلار بىر - بىرىنى ئەيىبلىشىپ، يۈز ئۆرۈشۈپ كەتمىگەنغۇ؟ دېمەك، تارىخي خاتىرىنىڭ تار چەمبىرى ئىچىدە قالساق، مىللەت سۈپىتىدە ياخشىلىق كۆرمەيمىز. ئۇنى ئۇنتۇپ قالساق مەنىۋى ماڭقۇرتقا ئايلىنىپ كېتىمىز. زاتى ئېسىل خەلق دۇنياۋى ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەتكە تايىنىپ مۇشۇ تارازىنىڭ ئىككى بېشىنى تەڭ تۇتىدىغان ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەس - ھوش بېرىدىغان، ئەتىكى كۈنۈڭنى ئويلىتىدىغان تۈزۈكلىرى بولمىسا، بۇ دالا «ئاكادېمىيە» دەپ ئاتالمىغان بولاتتى!

**چاقانوف:** بالىلىق چېغىمىزدا ياشىنىپ قالغان كىشىلەر پېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ «ئۆمرىنىڭ كۆپى كېتىپ، ئازى قالدى» دەپ پۇچىلىنىپ كېتەتتى. سىزگە كۆپنى كۆرگەن كونىلارنىڭ ئاڭلىغان ھېكايەمنى سۆزلەپ بېرەي:

بۇرۇنقى زاماندا سىر دەرياسى بىر تۈندە قېنىدىن تېشىپ كېتىپ، قىرغاقتا ئولتۇراقلاشقان بىر باينىڭ مال - مۈلكى، جان - جانىۋارلارنى پۈتۈنلەي يالماپتۇ. باي ئاللاتوۋا بىلەن قىرغاققا ئاران چىقىۋاپتۇ - دە، دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپ، «ياخۇدا، مال - چارۋامنى ساقلىغايسەن!» دەپ يىغلاپتۇ. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغان كۆرەڭ باي يىگىت بوۋاينىڭ سۆزىگە كۈلۈپ، «ئاقساقال، يېشىڭىز 60 تىن ئېشىپتۇ. ھەممە نەرسىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز، ئەمدى سىزگە نەدىكى مال - چارۋا قالدى؟» دەپ ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قاپتۇ.

«ئۆتنە ئالەم» دېگەندەك، بىر يىل يۇرتتا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ ھېلىقى چالۋاقاپ كەتكەن باي يىگىت ھەممە مېلىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىلەمچى بولۇپ، سىر دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋاتسا، يىراقتىن ئىس چىقىۋاتقان ئۆي كۆرۈنىدۇ. بارسا ئالدىغا بىر ئايال چىقىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلايدۇ ھەم تاماق كەلتۈرىدۇ. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۈچ بالا ئوشۇق ئويناۋاتقانىكەن.

— تاماق يەپ ئولتۇرۇڭ، ئېرىممۇ كېلىپ قالار، — دەپ ئايال ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ئۆيگە ساقىلى كىندىكىگە چۈشكەن ھېلىقى ئاقساقال كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى دەرھال تونۇيدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاقساقال مېھمىنىغا قاراپ:

سەن شۇ چاغدا تاپا ـ تەنە قىلىپ كەتكەندىن كېيىن دەريانى ياقىلاپ مېڭىۋەردىم. ئاخىر ئۇلى چايقالماي مەزمۇت تۇرغان مۇشۇ يۇرتقا كەلدىم. بۇ يەردىكىلەر قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى بىلگەندىن كېيىن قانات ئاستىغا ئېلىپ، ياردىمىنى ئايىمىدى. بۇ يەڭگەك تۇل ئولتۇرۇپتىكەن، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشتۇق. بايلىقىم ماۋۇ ئۈچ تەنتەك ۋە ئۇن نەچچە تۇياق مال. شۇ چاغدا «مال ـ چارۋامنى ساقلىغايسەن!» دەپ ۋارقىرىغىنىم مۇشۇ ئىدى. تىلىكىم ئورۇندالدى. ئاللاغا مىڭ شۇكۇر! بايلىق دېگەن قولنىڭ كىرى. سەن شۇ چاغدا يوغانچىلىق قىلدىڭ. بەخت ۋە بايلىقتىن كۆزۈڭگە ماي توشۇپ قاپتىكەن. ئەمدى سەن «بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا» دېگەن ھېكمەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنسەن؟

بۇنداق ئۇزۇن ھېكايىنى سۆزلىشىمنىڭ سەۋەبى، چىكە شۇ دانىشمەن بوۋايغا ئوخشاش تۇغۇلغان يەرگە تاپان تىرەپ: «ھەي خۇدايىمەي، مال ـ چارۋامنى ساقلىغايسەن» دەيدىغان نۆۋەت بىزگىمۇ كېلىدۇ ...

**ئايتماتوف:** بۇ دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق. ئۆمۈرنىڭ ئاز قىسمى قالدى. بەندە بولغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسىگە: «تەقدىر، مال ـ چارۋامنى ساقلىغايسەن!» دەيدىغان ۋاقىتلار يېتىپمۇ كېلەر. شۇ چاغدا مەيلى كىم بولمىسۇن، ھايات دەرياسىنىڭ ھېسابسىز توساق، سىناقلىرىدىن ئامان ئۆتۈپ ئات كۆتەرمەي ياشاش نەقەدەر زور بەخت ھە!

**چاقانوف:** ئىڭەلەپ دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر سەبىينىڭ ئولۇق ـ سولىنى بىلىپ قاتارغا قوشۇلۇپ، ئەزىمەت بولغانغا قەدەر تەلىم ـ تەربىيىچىسى، مېھرىبان ۋە رەھىمسىز سىنچى باھالىغۇچىسى بولغان مۇشۇ قىزىلمۇمدا يانتاق دېگەن ئۆسۈملۈك بار. قاغىنىڭ مېڭىسىنى قايناتقان پىژغىرىم ئىسسىقتا ياپىيېشىل ياشناپ، قىرىق غۇلاچ چوڭقۇرلۇققا يىلتىز تارتىپ، دەشتى چۆلنىڭ باغرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قامغاق بايقۇش بولسا كۆچمە قۇم ۋە شامالنىڭ ئەركى بىلەن گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرىدۇ. مانا بۇ يىلتىزسىزلىق.

**ئايتماتوف:** ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. خۇدايىم كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يانتاقنىڭ تېرەن يىلتىزلىق روھىنى ئاتا قىلسۇن! تىزگىنى شامال ئىلكىدىكى قامغاقنىڭ بەردەكەتسىز ھاياتىدىن يىراق قىلسۇن! ئۇنداق زەئىپلەر جەمئىيەت ئۈچۈن ھەرقانداق زاماندا خەۋپلىك.

مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى:

تۇيۇقسىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇللۇققا سېتىلغان، ئومۇرتقىسى قاتمىغان كىچىك بالا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىندىك قېنى تامغان يېرىنى، پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنتۇشقا باشلايدۇ. ياقا يۇرتتا ياخشى ـ يامانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، چىدام غەيرىتىگە تايىنىپ، ئاخىر ئۆزگە يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانى بولىدۇ. يىللار ئۆتۈپ ياشانغان مەزگىلدە يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن كارۋان ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ بىر تۇپ شىۋىقىنى يەتكۈزىدۇ. مەززىلىك شىۋاق پۇرىقى ھۆكۈمرانىنىڭ ئېسىگە باللىق چاغلىرىدىكى بىغۇبار دەۋرانلىرىنى، مۇڭسىز، قايغۇسىز ئۆتكەن كۈنلىرىنى سالىدۇ. كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياشلار تۆكۈلۈپ يۇرتىنى سېغىنىش ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تالاي كىشىلەرگە ئارمان بولغان تاجۇ تەختىنى تەرك ئېتىپ، بايلىق ـ دۇنياغىمۇ قارىماي، تۇلپارىنى ئىگەرلەپ، تۇغۇلغان يېرىگە ئات چاپتۇرغانىكەن، دېيىشىدۇ.

تۇغۇلغان يەرنى سۆيۈش ئۆمۈرۋايەت ئۆز يېرىگە باغلىنىپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. قىيا ـ چىيالىق ئالەمگە نەزەر سالماي، «سۆيۈم بېشىمدا، قەبرەم قېشىمدا» دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالساق، بۇ كونىلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ئايىغى چىقماس كۆلگە ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن دۇنياۋى مەرىپەتتىن قۇرۇق قول قالساق بولمايدۇ. مەسىلەن، سېنىڭ ئوترارلىڭ بىلەن مېنىڭ شېكەرىمنىڭ بىر مۇنچە ياشلىرى ھازىر دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئارىلاپ كەتتى. بىر مۇنچىسى شۇ يەرلەردە بىلىم ئېلىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالماقتا. «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۆزۈڭنىڭ بارىدا شە كۆر» دەپ بوۋىلىرىمىز ئېيتقاندەك، ياش، قەيسەر چاغلاردا نەزەر دائىرىنى كۆپرەك ئېچىپ، دۇنيانىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى كۆرۈپ چىققان قانداق ياخشى ـ ھە! شۇنداقتىمۇ يەر شارىنىڭ قايسى بۆلىكىدە، ئېكۋاتورنىڭ قايسى بەلۋىغىدا يۈرسەكمۇ يەنە كېلىدىغان، سېغىنىشنى باسىدىغان تۆمۈر قوزۇقۇڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتۇڭ.

بىز تۇغۇلغان يېرىمىز بىلەن سان ـ ساناقسىز رىشتىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىمىز. يۇقىرىدىكى شېئىرىڭدا ئېيتىلغاندەك، ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىدىن باشقا يەنە

تۆت ئانىسى بولۇشى كېرەك. تۆت ئانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى تۇغۇلغان يەر، دەپ ئاتىغىنىڭمۇ ناھايىتى توغرا.

«مەن تۇغۇلغان يەرسىزمۇ تىرىكچىلىك قىلالايمەن. تۇغۇلغان يەر مېنىڭسىز ھايات كەچۈرەلمەيدۇ» دېگەن كىملەرنىڭدۇ چوڭچىلىقى بىزگە يات. ئەكسىچە تۇغۇلغان يەر بىزنىڭسىز گۈللەپ ياشناۋېرىدۇ. لېكىن بىز ئۇنىڭسىز يۈكسەكلىكتە پەرۋاز قىلالمايمىز.

تۇغۇلغان يەر بار ئىكەن، بىزمۇ بار!

سېخىي شوللىق يۇلتۇزلار ياكى بىر ئوچۇم تۇپراق ئۇلارنى ئەسلەش نېمىدېگەن ھۇزۇر ـ ھە! قەلبلەر قەسىرى ئازادىلىشىپ، ئېڭىڭدا ئاپتاپ جىلۋە قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىسەن. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىن، ئۆز زامانداشلىرىدىن ئۇزغۇن تۇرغان پەزىلىتىنى سۆزلەش دۇنياۋى مەدەنىيەتكە قوشۇلىدىغان تۆھپىلەرنىڭ بىر تۈرى.

بىرىنچىدىن، بۇنداق ئەسلەش ئۆزىمىز ئۈچۈن زۆرۈر دېسەك، ئىككىنچىدىن شۇ سىمالارنىڭ قەيسرانە روھى ئالدىدىكى ئىنىلىق، پەرزەنتلىك بۇرچىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ۋاقىت يامغۇرى يۇيۇپ، ئاپتاپتا قاغجىرىغان خىسلەتلىك قەبرىلىرىگە تاشلىغان بىر ئوچۇم توپىمىز بولۇپ قالار.

**چىڭغىز ئايتماتوف**

ئوڭاي ئەمەس، ئوڭاي ئەمەس بۇ كۈرەش،
بىرلىك يولى ئەگرى ـ توقاي ھەرقاچان.
گۇناھ ئەمەس چۈشەنمەسلىك تېگىدىن،
چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق بەك يامان

**مۇختار چاقانوف**

**ئايتماتوف:** ھەمىشە چۈش كۆرىمەن. نېمە كارامىتى بارلىقىنى نەدىن بىلەي. كىرپىكىم قېقىلىسىلا تۈرلۈك ـ تۈمەن چۈشلەر مېنى قامال قىلىدۇ. گاھ شادلىنىپ، گاھ مۇڭلىنىپ ئويغىنىمەن. شادلىنىدىغىنىم ئۆز ۋاقتىدا ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى بىللە تېتىغان، كۆڭۈللەر كۆكىدە يۇلتۇزدەك يانغان قەدىرلىك ئادەملەرنى كۆرىمەن. بەزىدە چۈشۈمگە ئۆزۈم ئارىلاشمىغان، بىراق سىرتىدىن سىر ـ ئەسرارىنى بىلگەن بۈيۈك سىمالارمۇ كىرىدۇ. ئادەمزاتقا چىش يېرىپ تىنمايدىغان مەخپىيەتلىكلىرىمنى گاھىدا شۇلارغا ئېيتىمەن.

يوشۇرمايمەنكى، بىر ـ ئىككى قېتىم دوختۇرلارغا كۆرۈنگەن يېرىممۇ بار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئارتۇق ـ كەم بولۇپ تۇرغان ھېچنېمە يوق. ھەممىسى جايىدا ساق ئىكەنمەن. كۆزۈم سەل ـ پەل ئىلىنىسىلا خىلمۇخىل ۋەقەلەر بىلەن خىياللارنىڭ ئىچىگە قايتا كىرىپ كېتىمەن.

**چاقانوف:** چىكە، دوختۇر بولمىسامۇ ئېيتاي، بۇنىڭدا باش قاتۇرغىدەك ھېچنېمە يوق. بايقىشىمچە، بۇ خىيال بىلەن تەسىراتنىڭ ئۇچقۇرلۇقىغا، كەڭ دائىرىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. يەنە سەل ـ پەل قورقىتىپمۇ قوياي، بەلكىم چۈش كۆرۈشتىن توختىساڭ ھازىرقى سەۋىيىدىكىدەك يازغۇچى بولالماي قېلىشىڭىز ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. ئاسماندىن يۇلتۇز ئاقتى، دېيىشىمىزدە ئۆچكەن يۇلتۇزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاراتقان يورۇقىنىڭ ئۆزى يەرگە مىليون يىلدا ئاندىن يېتىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ھايات بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تىرىكلەرنىڭ ئېڭىدا ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك يالتىراپ شولا چېچىپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە كۆپىنچىسى كۆز كۆرمەس، قول يەتمەسكە كەتكەن يۇلتۇز سىمالار ئارقىلىق چۈشىڭىزگە كىرىدىغاندۇ. ئۆزلىرى قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن بۈيۈك ئىشلارنى، ھاياتنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىدا تالاي قېتىم شېكەستىلەنگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى سىزنى ئورۇندىسۇن، دەپ چۈش ئارقىلىق ئايان قىلىدىغاندۇ.

**ئايتماتوف:** گېپىڭىزدە ھەزىل ئۇچقۇنى بولغىنى بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىۋاتىسەن. «ئىلىيادا» بىلەن «ئودىسسا»نى يازغان گومىر ھەققىدە گرېتسىيە مۇتەپەككۇرى پلاتون: «بۇ شائىر پۈتكۈل ئىللادانى تەربىيىلىدى» دەپتىكەن. ئەللامىلەر خەلقنىڭ ئۇستازى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىزگۈ تەسىرى بولمىسا بىزنىڭ تەقدىرىمىز بەلكىم سەل ـ پەل بولسىمۇ باشقىچە بولاتتىمىكىن؟

ئاشۇ يورۇق يۇلتۇزلار ئىچىدە دەسلەپ تونۇشقان ئادىمىم قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى، پۈتكۈل ئالەم ئېتىراپ قىلغان يازغۇچى مۇختار ئاۋېزوف ئىدى. ئۇ چاغدا بىشكەكتىكى سكرەبىن نامىدىكى چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. «ماناس» قىسسىسى ھەققىدە دەتالاش ئەۋج ئالغان مەزگىل. ئۇنىڭ ئۇلۇغ قىسسە ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل قىرغىزنىڭ ھەممە تارىخىي باتۇرلۇقى مۇشۇ چەكسىز نەزمىگە مۇجەسسەم ئىكەنلىكىنى خەلقئالەم بىردەك تەن ئالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق گەپ سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ تەلىپىگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق، دېگەنگە كەلگەندە، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۈچۈن بايلارنى سۆكىدىغان، كەمبەغەلنىڭ ناچار تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن، ھەتتا ھۆكۈمران سىنىپ ۋەكىللىرىگە قارشى ئىسيانغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چىققانلىقىنى بايان قىلغان ئەسەرلەر لازىم ئىدى.

قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى ماناس ياقۇپ بايىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، بەزى تەتقىقاتچىلارنى خان دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا خۇددى دۆ چاققاندەك چۆچۈتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «ماناس» قىسسىسى باي، فېئوداللار دەۋرىنى، خانلىق ھۆكۈمرانلىقنى سېغىنغان، خەلققە يات، ئەكسىيەتچى ئەسەر دېگەن پىكىر كېلىپ چىقتى. گېزىت ژۇرناللاردا قىسسىگە قارشى يېزىلغان ماقالىلەر ئاشكارا كۆرۈلىدىغان بولدى. بۇ ئۇلۇغ قىسسىنىڭ بېشىغا قارا بۇلۇت تويلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا «ماناس»نى قوللىغان بىر ـ ئىككى ماقالىمۇ يېزىلدى. بىراق، بۇ ماقالىلەرگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قىرغىزىستان شۆبىسى بىناسىدا «ماناس» توغرۇلۇق مۇھاكىمە بولىدىكەن. قىسسىنىڭ تەقدىرى مۇشۇ مۇھاكىمىدە ھەل بولىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ دەرستىن چىقىپلا چۇۋۇرلىشىپ يېتىپ كەلدۇق. بۇ 1952 ـ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى ئىدى. كەلسەك بىنا ئىچىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كوچىدا تۇرۇشاتتى. ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، «ماناس»تىن ئايرىلىپ قالمىساقلا بولاتتىغۇ، دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەنلەر ساماندەك ئىدى.

مۇرەم بىلەن سىلجا ـ سىلجا ئاخىر مۇھاكىمە بولۇۋاتقان زالنىڭ ئىشىكىدىن مارىلىدىم. قارىسام، تۆردىكى رەتتە ئون بەش كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىدا قىرغىزىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇ چاغدىكى بىرىنچى سېكرېتارى ئىسھاق رازاقوۋ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇختار ئاۋېزوف ئولتۇراتتى. مۇختار بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشمىغان بولساممۇ، ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ئېلان قىلىنغان سۈرەتلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ مۇنبەرگە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ قىسسىنى خالىغانچە دەسسەپ چەيلەۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئۈنسىز قۇلاق سېلىپ قەغەزگە نېمىلەرنىدۇ يېزىش بىلەن ئىدى.

«ماناس» پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ ئەسەر، ئارىمىزدىكى پانتۈركىسىزمنىڭ كونا كۆزى، دېدى ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ بىرى ئا. بوزوكوف قىسسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ، زال داۋالغۇش ئىچىدە قالدى. نارازىلىقلارنى ئاشكارا ئېيتقۇدەك دەرمان يوق. ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى غەزەپلەنگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «ماناس»تىن پۈتۈنلەي ئايرىلدۇققۇ ئەمدى، دەپ ئۈمىد ئۈزگەن چاغدا مۇنبەردە دادىل قەدەم تاشلاپ مۇختار ئاۋېزوف كۆرۈندى.

«ماناس»تا باي ـ زەردارلارنى ماختايدىغان يەرلەر بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ پۈتۈنسۈرۈك خەلقنىڭ مەنىۋى خەزىنىسى بىلەن ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساپ شېئىرىيەت تىلى بىلەن ئېيتىلىپ، ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان، كۆركەم كەشتىلەنگەن تارىخىغۇ؟ قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىدىن «ماناس»نى يوقىتىش — پۈتكۈل مىللەتنى تىلىنى كېسىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ چاچ ئال دېسە، باش ئالىدىغان ھولۇلۇپلار بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىن قاچانمۇ يوقىلار؟ دەپ سەل ـ پەل توختىۋېلىپ بوزوكوفقا بۇرۇلۇۋېدى، ئۇ كۆركە توخۇدەك تۈگۈلۈپ قالدى. مۇختارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ كەڭلىكى، دۇنياۋى قەدىمكى، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقى، تارماق ئوي ـ پىكىرلىرىنى زور پەلسەپىگە، ئەمەلىي دەلىللەرگە سېلىپ ماھارەت بىلەن سۆزلەيدىغانلىقى، قىرغىز مىللىتى ئاپىرىدە قىلغان مەنىۋى بايلىقلارغا بولغان ئاجايىپ ھۆرمىتى بىلەن ئاجايىپ ئىشەنچىسى زالدا پۈتۈنلەي يېڭى ئەھۋال پەيدا قىلدى. ناۋادا لىللا گەپ قىلىدىغان بولساق، «ماناس»نىڭ قارا تىزىملىككە كىرمەي ئامان قېلىشى ئاۋېزوفنىڭ دەل شۇ قېتىمقى تارىخىي نۇتقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تارىنى چەككەن نۇتقىنى ئىسھاق رازاقوفمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن تىڭشاپ قايتا ـ قايتا باش لىڭشىتىپ ئولتۇردى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى قاتتىق سىياسەتتىن ئېھتىيات قىلىپ، تىت ـ تىت بولغاندەكمۇ قىلغانىدى. قىسسىنى ئوچۇق قوللىغىنى ئۈچۈن تاشىم بايجېيىفقا ئوخشاش يۇرت كاتتىۋاشلىرىنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقى نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەردىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

مۇھاكىمە ئاياغلاشقاندا، تاشقىرىدىن: «سۆيۈنچە، سۆيۈنچە! ‹ماناس›نى ئامان ساقلاپ قالدۇق!»، «مۇختار سەن نەدە؟ سېنى تۇغقان ئاناڭدىن ۋە پۈتكۈل قازاق خەلقىدىن ئۆرگىلدۇق!» دېگەن چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. خۇشاللانغان، كۆزىگە ياش ئېلىشقان كىشىلەر قىيادىكى مۇز پارچىلىرىدەك سوقۇلۇشتى.

چاقانوف: شۇ چاغلاردا باي ـ زەردارلارنى مەدھىيىلىگەن ئەسەر دېگەن نىقاب بىلەن قازاق خەلقىنىڭ نۇرغۇن كۆركەم داستانلىرى، قىسسىلىرى قارا تىزىملىككە چۈشۈپ، مۇزېيغا ئەۋەتىلىپ تۇردى. بۇنىڭغىچە تۈرمىنىڭ تەمىنى تېتىپ، گۇناھسىز ئىككى يىل قاملىپ چىققان ئاۋېزوفمۇ

نەزەربەندتە ئىدى. ئاڭلىشىمچە، مۇختارغا جۇمھۇرىيەتلىك
خەۋپسىزلىك كومىتېتىدىن ناتونۇش بىر ئايال تېلېفون
بېرىپ:

—بۈگۈندىن قالماي، ئۆزىڭىزنى ياقىغا ئېلىڭ، بول-
مىسا كېچىكىسىز. سىزنى تۇتۇشقا ھۆججەت تەييارلىنىۋا-
تىدۇ، —دەپتۇ. مۇختار شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆيىدىن يو-
شۇرۇن چىقىپ، موسكۋاغا كەتكەنىكەن ۋە ئۇ يەردە
دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سۈرگۈندىن قۇتۇلۇپ،
موسكۋا مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسور بولىدۇ.

مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان مەزگىلدە بېشىدا زور
بالا - قازا تۇرسىمۇ، «ماناس»نى قوغداشقا يەڭ شىماي-
لاپ چۈشكەنلىكى ئەزىمەتلەرچە قەھرىمانلىقتا تەڭ ئىش
ئەمەسمۇ؟

ئايتماتوف: شۇنداق، شۇ مۇھاكىمىدە قىسسىگە تى-
لەكداش بولۇپ، ئىشىكتىن مارىلاپ تۇرغىنىمنى ئېيتتىمغۇ!
ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ، «ماناس»نىڭ دەسلەپكى تولۇق
نەشرىگە مۇھەررىر بولۇپ، كىرىش سۆز يازىدىغانلىقىمنى
بىلسەمچۇ كاشكى!

ئۇلۇغ ئۇستاز بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىشىم
تولىمۇ قىزىق. موسكۋادىكى م. گوركىي خەلقئارا ئەدەبى-
يات ئىنستىتۇتىنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلى-
رىم. مىخائىل دودىنسوفنىڭ «يالغۇز بولكا ئۈچۈنلا ئە-
مەس» دېگەن رومانى نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىيات ساھە-
سىدە زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. بىرى كۆككە كۆتۈرۈپ
ماختايدۇ، يەنە بىرلىرى ئۇلارغا قارشى دەتالاش قىلىپ
يامانلايدۇ.

تالاش - تارتىشتا بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن، مەرك-
زىي ئەدەبىياتچىلار ئۆيىنىڭ كىچىك زالىدا چوڭ يىغىن
ئېچىلدى. مەن بالدۇرراق كېلىپ، زالدىن ئورۇن ئالغان-
دىم. ھەيئەت رىياستىدە خىللانغان كىشىلەر ئولتۇرۇشقا-
نىدى. ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدىكى، باش تىققۇدەك ئو-
رۇن يوق ئىدى. بەزىلەر دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە، بەزىلەر
يەرگىلا گېزىت سېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. مۇنازىرە تو-
گەيدىغاندەك ئەمەس. نۇتۇق سۆزلەيدىغانلار مۇنبەرگە
كەينى - كەينىدىن چىقىپ، سۆز ئارقىلىق قىلىچۋازلىق
قىلىشماقتا ئىدى. بىر چاغدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ مىغ -
مىغ ئادەملەر ئارىسىدىن ئاۋېزوفنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ
قالدىم. كېچىكىپ كەپقالسا كېرەك، ھەيئەت رىياستىدە
ئولتۇرغانلار ئۇنى بايقىمىدىمۇ ياكى بايقىغان تەقدىردىمۇ
ئۆچكىرىگە ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاۋېزوفنىڭ
قىسىلىشقان كىشىلەر ئارىسىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ
پەرىشان بولدۇم. ئارىلىقتا ئازراق دەم ئېلىش بولدى. زال
تىنجىق، چېپىلداپ تەرلەۋاتقان كىشىلەر قىيا - چىيا قىلى-
شىپ تاشقىرىغا ماڭغانىدا مەنمۇ مەجبۇر تەسلىكتە ئۇنىڭغا
يېتىشىۋالدىم. مەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— مۇختار ئاكا، سىزگە ئورۇن بار، يۈرۈڭ، — دې-
دىمدە، ئۇنى قاتاردىكى ئۆز ئورنۇمغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ
ئولتۇرغاندىن كېيىن سەل - پەل تېڭىرقاپ:

—قايسى بالىسەن؟ قاياقتىنسەن؟ —دەپ سورىدى.

—قىرغىزىستاندىنمەن، بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات
ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن، — دېدىم.

—ھە، رەھمەت ساڭا، بەختىڭ ئېچىلسۇن! — دېدى
ئۇ.

مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا پاتىھە يوق ئىدى.

سەن ئاۋېزوفنى كۆرەلىدىڭمۇ؟ ئۇ كىشى ئالەمدىن
ئۆتكەندە بەك كىچىك بولساڭ كېرەك.

چاقانوف: ئالەمدىن ئۆتۈشتىن سەل ئىلگىرى چىم-
كەنت قوغۇشۇن زاۋۇتىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدا «ئاباي
يولى» ئېپوپېيىسى توغرىسىدا ئىككى كۈنلۈك ئوقۇرمەن-
لەر كېڭىشى ئۆتكۈزۈلدى. ئالمۇتادىن مۇختار ئاۋېزوفنىڭ
ئۆزى ئاتايىن كېلىپ قاتناشتى. ئۇ چاغدا ئوبلاستتا مامىت-
بەگ قالدىبايىف دېگەن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر شائىر يە-
گىت بار ئىدى. داڭقى ئالەمگە تارىغان چوڭ يازغۇچىنى
تۇنجى كۆرۈشۈم. سۆزلەشلىرى، ئولتۇرۇش - تۇرۇشلى-
رى، مەمنۇن بولغان چاغدا بۇرنىنى سىيرىپ «بەللى،
بەللى» دەپ كۈلۈمسىرەشلىرى بىزگە ئوخشاش بوز با-
لىلارغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. ئۇستىگە كۆك سۇر
كاستۇم كىيىۋالغان، كىتابىدىكى سۈرىتىدىن سەل - پەل
جۈدەڭگۈ، چىرايى تاتىراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى. بەلكىم
«ئاباي يولى»دىن كېيىن «شاخاربىغان بىخ» ناملىق يې-
ڭى ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا كۆپ ئويلىنىپ، كۆپ
قايغۇرغاچقا شۇنداق بولغاندۇ...

كېڭەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىمزا قويغۇزۇش نۆ-
ۋىتىگە تۇردۇق. ئادەم ناھايىتى كۆپ، سىلجىپ - سىلجىپ
يازغۇچىنىڭ ئالدىغا يېقىن باردىم. ئۇ چاغدا «ئاباي يو-
لى» بىلەن «ئەگىلىك كەبەك» نىڭ بەزى يەرلىرىنى يادقا
بىلەتتىم. شۇنى ئېيتاي دەپ قانچە تەمشەلسەممۇ جۈرئەت
قىلالمىدىم. بىر تەرەپتىن ئۇيالدىم، يەنە كېلىپ كەينىدە
تۇرغانلار ئىتتىرىشىپ كېلىۋاتاتتى.

—ئېتىڭ نېمە ئوغلۇم؟ —دېدى مۇختار مەن بەرگەن

بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى رومانىنىڭ مۇقاۋىسىنى ئېچىۋېتىپ.
ـــمۇختار.

«دادام كىتابىڭىزنى ئوقۇپ، مېنىڭ ئېتىمنى سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن قويغان» دەپ ئېيتقۇم كېلىپ تۇرسىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم.

يازغۇچى ماڭا بىر خىل ھېسداشلىق بىلەن قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، ئىمزا قويۇشقا باشلىدى. «بالا مۇختارغا ئاتا مۇختاردىن يادىكار. ئىخلاس بىلەن» دەپ يازدى. خېتى قىڭغىر ـ سىڭغىرراق ئىكەن. بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولدى. چىمكەنت مائارىپ ئىنستىتۇتىدا سىرتتىن ئوقۇپ يۈرگەن چېغىمدا ئادىل ئەرمەكوف دېگەن ئوقۇتقۇچىمىز بار ئىدى. كارامىتى مۇختار ئاۋېزوفنىڭ «ئاباي يولى» رومانىنى يادقا بىلەتتى. ئەسلىدىكى ساياقباي قارالايىفنى ئەسكە سالدىغان ھېكمەتنىڭ بىر قىسمى ئىدى. سىزنىڭ «سامان يولى» دېگەن ئەسىرىڭىزنىڭ كۆپ يەرلىرىنى يادقا بىلەتتى. ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا پەخىرلىنەتتىمكىن، مېنىڭ بىرنەچچە تېخى پىشمىغان شېئىرلىرىمنىمۇ ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن ئوقۇيتتى. شۇ ئۇستازلار ئاغزىدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم:

ئاۋېزوف ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە يېڭى رومان يازماقچى بولۇپ پات ـ پات كېلىپ تۇرغانىكەن. ئادىل ئېرمەكوف بىر سورۇندا ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان ھېكايىسىنىڭ شاھىدى بوپتىكەن. قانىش ساتبايىف ئىككىسى لېنىنگرادتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا بىر سېگانغا پال سالدۇرغانىكەن، ئۇ ساتبايىفنىڭ ئالقىنىغا سەپسېلىپ قاراپ:

ــــ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايسەن، شۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ، ئاتاق ـ داڭقى يىراققا تارىغان چوڭ ئالىم بولۇپ چىقىسەن، ـ دەپتۇ.

ئاۋېزوفنىڭ قولىغا كەلگەندە ئۇزاق ئويلىنىپ:

ــــسەنمۇ ناھايىتى چوڭ ئادەم بولىدىكەنسەن، داڭقىڭ ئالەمگە بىر كېلىدىكەن. بىراق، يولۇڭ تولىمۇ ئېغىر، مۇرەككەپ، تالاي قېتىم ئۆلۈمدىن قېلىپ، ئازاب چېكىپ چوڭ ئابرۇي قازىنىسەن، ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىسەن، ئەجىلىڭ ئاخىرى پىچاقتىن بولىدۇ، ـ دەپتۇ. ئۆپچۆرىسىدە چۆردەپ ئولتۇرغانلارغا ئاۋېزوف:

ــــ ھايات يولۇمنىڭ خەتەرلىك ۋە مۇرەككەپ بولغىنى راست، مالىمانچىلىق يىللىرى «خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ ئېتىلىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. تاسادىپىي ئەھۋاللار ساقلاپ قالدى، ئاتاقلىق ئادەم بولسەن، دېگىنىمۇ ئازراق توغرا چىقتى. ئېيتقىنىدەك كاتتا ئادەم بولمىسامۇ، نامىمنى بىرمۇنچە خەلق بىلىدۇ. ئۈچ قېتىم نىكاھلىق بولىسەن، دېگىنى ئەينەن توغرا چىقتى. ئەجىلىڭ پىچاقتىن بولىدۇ، دېگىنىلا كېيىنكى چاغلاردا مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. كەچ قايتماسلىقا، كېچىدە يالغۇز يۈرمەسلىككە تىرىشىمەن، ـ دەپتۇ.

چىكە، ئاۋېزوفنىڭ كرېمىل كېسەلخانىسىدا يېتىپ، ئوپېراتسىيە ئۈستىدە كۆز يۇمغانلىقى ھەممىگە ئايان، رەھمەتلىكنىڭ ئەجىلى پىچاقتىن كەلدى ئەمەسمۇ!

ئايتماتوف: مۇختار بىلەن ئاخىرقى قېتىم 1961 ـ يىلى ئۇ كېسەلخانىدا ياتقان چاغدا موسكۋا مېھمانخانىسىدا ئۇچراشتىم. تولىمۇ خۇشال ئىكەن. يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن قېزا قارتىسى بىلەن ئالدىرىماي چاي ئىچىپ، ئاتا ـ بالىدەك ئەركىن پاراڭلىشىپ، كېچە سائەت بىرگىچە ئولتۇردۇق.

كونتسوف كېسەلخانىسىغا ياتقىلى كەلدىم. تۈگىمچەك دېگەن زەرەرسىز ئىششىقتەك قىلىدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بار، ئەتىلىك چېغىمدا قۇتۇلغىنىم تۈزۈككىمىكىن، دېدى. ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئىللىق چىرايىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ، قولىدىن تەم ـ تۈزىنى يەپ، لەۋزىنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاۋاتقىنىمنى بىلسەمچۇ كاشكى، ئەتىسى خىيالىمدا ھېچنېمە يوق فرونزىغا ئۇچۇپ كەتتىم.

چاقانوف: مۇختارنىڭ ئۆزىمۇ كۆرگەنىنىڭ كۆزى تويدىغان گەۋدىلىك ئادەم ئىدىغۇ، چايغا دىنمۇھەممەت قونايىف بىلەن قانىش ساتبايىفمۇ قاتنىشىپتۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئوغلانىمۇ بەك ئېگىز بويلۇق كىشىلەر ئىدى. يېنىدا يەنە بىر دارازا يىگىت بار ئىكەن. تۆتىنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىدىن، ئەقىل ـ پاراستىدىن مەمنۇن بولۇپ ئولتۇرغان لۇئى ئاراگون سۆھبەت ئارىلىقىدا:

ــــقازاقلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش تەمبەل كېلەمدۇ؟ــــدەپ ھەيران قاپتۇ.

ھەئە، خەلقىمىز بويلۇق، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى مەن، ــــ دەپ مۇختار چاقچاق قىپتۇ. لۇئى ئاراگون بۇ گەپكە ئىشىنىپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بۆلۈمگە جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئىدېئولوگىيە رەھبىرى، مىللىي سەنئىتىمىزگە كەلتۈرگەن پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ پاكىنەك بىرەيلەن توكۇلداپ كىرىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا مۇختار دەرھال:

— بۇنىڭغا ئوخشاشلار ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدۇ، ـ دەپتۇ. ئاۋېزوفنىڭ مەشھۇر «ئاباي يولى» رومانىنى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان لۇئى ئاراگوننىڭ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزگە نەزەر سېلىشىغا مۇختار بىردىنبىر سەۋەبچى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ قارىشىمىزنى قىرغىزىستاننىڭ خەلق يازغۇچىسى جۇناي مەۋلانوفنىڭ مۇنۇ خاتىرىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

«ئىسسىقكۆل بويىغا سېلىنغان كەڭرى سالقىنلىقنىڭ تۆرىدە مۇختار سوقراتنىڭكىدەك (بىزنىڭ ئېرامىزدىن بۇرۇنقى 469 ـ 399 يىللاردىكى قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى) يايپاق ماڭلىينى ھېلىدىن ھېلىغا سىيپاپ قويۇپ، پاراڭ دېگەننى ئەركىن ـ ئازادە سالغىلى تۇردى. سۆز ئەدەبىيات بىلەن سەنئەت توغرىسىدا شاخلىغاندا:

چىڭغىزغا ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاندا ھەتتا پۈتكۈل ئىتتىپاقتا تەڭ كېلەلەيدىغان قەلەم ئىگىسى يوق. مەن ‹لېنىن ۋە مەملىكەت مۇكاپاتلىرى باھالاش› ھەيئىتىنىڭ ھەيئىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماختىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇيمەن. بىراق، ھېچقايسىسى ‹جەملە›نىڭ پەنجىسىگە پەنجە ئۇرالمايدۇ. بۇ گېپىمنى ئىتتىپاق دەرىجىلىك مەتبۇئاتتىمۇ ئېيتقانىدىم. ئوقۇغاندىسىلەر، ۋەھالەنكى، ئۇنى مېنىڭ فرانسۇز دوستۇمدەك كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىغان، بۈيۈك پىكىرلەر ئېيتقان ھېچكىم يوق. قىرغىز قېرىنداشلار ئالا تاغ بىلەن ئىسسىقكۆلنى قازاقلار بىلەن ئورتاق يايلاپ، ئورتاق ئىگىلەپ كېلىۋاتامدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن چىڭغىزمۇ ئىككى خەلقنىڭ ئورتاق پەرزەنتى، دەپ ئۇنىڭدىن تەڭ پەخىرلەنسەك ئەچى تارلىق قىلمايدىغانسىلەر؟ پەقەت كۆز بىلەن تىلدىن يىراق بولغاي، دەپ سۆز ئاخىرىنى يۈكسەك تىلەكداشلىق بىلەن تۈگەتتى.»

ھازىرمۇ قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى دەپ ئاتالغان قەدىرلىك ئاقساقال تۈگەلباي سىدىقبەكوفنىڭ «تاغ ئارىسىدا» دېگەن ئىككى توملۇق رومانى بىلەن سىزنىڭ «جەملە» ئەسىرىڭىز لېنىن مۇكاپاتىغا تەڭ سۇنۇلغانىدى. ئوچۇقىنى ئېيتىش كېرەككى، باھالاش ھەيئىتىنىڭ تايانچ ئەزاسى ھەم تۈگەلباي ئاقساقالنىڭ قەدىناس ئاكا ئاغىنىسى ئاۋېزوفنىڭ بىر ئېغىز گېپى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مۇشۇنداق يارەنلىك سىناققا چۈشكەن مەزگىلدىكى مۇختارنىڭ قىلنى قىرىققا يارغان ئادالەتپەرۋەرلىكىنى تۈگەلباي سىدىقبەكوف مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«1961 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن. ھەيئەتنىڭ نۆۋەتتىكى يىغىنىدا يوشۇرۇن ئاۋازغا قويۇلىدىغان ئەسەرلەر تاللاپ چىقىلدى. «تاغ ئارىسىدا» ئاۋازغا قويۇلىدىغان چاغدا مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق قاپتىكەن. بۆلۈم ئىچىدىن ن. ئىخونوفنىڭ (رۇس شائىرى) ‹كۆپ قىسىملىق ئىجتىمائىي رومان› دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دېمەك بۇ مېنىڭ ئەسىرىمنى قوللىغىنى ئىدى. كەينىدىن سېرگېي سېرگېيېۋىچ سىمىرنوفنىڭ ‹مۇختار ئومارخانوۋىچ، سىز بۇ رومانىنى ئەسلى نۇسخىسىدىن ئوقۇدىڭىز، سىزنىڭ سۆزىڭىز ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئاۋاز بولىدۇ› دېگىنى ئاڭلاندى. دەل شۇ چاغدا مۇختار:

مەن «جەملە»نى ياقتۇرىمەن، دەۋەتتى...»

ئايتماتوف: ھېلىمۇ ئېسىمدە «جەملە» ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا «ئەدەبىيات گېزىتى» دە ئاۋېزوفنىڭ قىسقا، لېكىن ئىشتىياق بىلەن يېزىلغان بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئارزۇ پاتىھەسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇلۇغ ئۇستاز ئالدىدىكى زور مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. دېمەك، ئاۋېزوف مېنىڭ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچەمنى كۈچەيتتى. كېيىن ئىتتىپاق ئارا مەتبۇئاتتا «بوتا كۆز بۇلاق» دېگەن چوڭ ھېكايەم ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا مۇختارنىڭ ئالمۇتادىن سالغان «چىڭغىز، ئەسىرىڭنى ئوقۇپ چىقتىم، ئالاھىدە ياقتى، خۇشالمەن، مۇشۇ يولۇڭدىن يانما» دېگەن تېز يوللانمىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنى مۇزېيىمدا تا ھازىرغىچە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

مۇختار 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بىشكەككە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆي كۆرسەتكەنىدىم. داڭلىق يازغۇچى كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ئاپام ناغىمە ئۆي ئىچىنى قېقىشتۇرۇپ تازىلاپ، تۆرگە يۇمشاق كۆرپە سېلىپ، شىرەنى بىر كۈن ئاۋۋال راسلاپ قويغانىدى. تۇنجى ئوغلۇم سانجار مومىسىغا كۆرسەتمەي شىرە ئۈستىدىكى قىزىل ئالمىلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى يەپ، قالغانلىرىنى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرگەندەك ئاپام ئوغرىلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ ۋە:

— ۋاي ئاللا! ماۋۇ مېھمانغا تىزغان ئالمىلارنى تۈگىتىپتىغۇ، ئەمدى قانداق قىلاي! ـ دەپ سانجارنىڭ قۇلىقىدىن دارقىرىتىپ سۆرەپ كېلىۋاتقاندا مۇختار كىرىپ قاپتۇ ۋە ئاپام بىلەن نەۋرىسىنىڭ قىلىقىغا ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ:

— ئاچچىقىڭىزدىن يېنىڭ، — دەپ ئاپامنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئۇ چاغدا قىرغىز خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ماناسچىسى ساياقباي قارالايېف بىلەن ئۇدۇل قوشنا ئىدۇق. بۇرۇندىن قەدىناس دوست بولۇپ يۈرگەن ئىككى بۈيۈك زاتنىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمى داستىخاندا ئولتۇرۇپ قىلىشقان كارامەت پاراڭلىرىنىڭ شاھىدى بولدۇم. مېھمانلار سالقىنداش ئۈچۈن سىرتقا ماڭغان چاغدا ئاپام كەنجى نەۋرىسى ئاسقارنى مۇختار ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، يازغۇچىغا قاراپ:

— ئۇدۇمغۇ، بۇ پالاكەتنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش خەلق قەدىرلىگەن ئەزىمەت بولسۇن دەۋاتىمەن، — دېدى. مۇختار مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتتى.

**چاقانوف:** مۇختار ساياقباي قارالايېفنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ ئالمۇتاغا ئاپىرىپ، قازاق مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مەخسۇس ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ «قىرغىز خەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئىچىدە يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئېپسانىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مۇشۇ كىشى شۇ، كۆرۈۋېلىڭلار» دەپ ماناس ئېيتقۇزغىنى كىچىككىنە بىر تارىخ. يازغۇچى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىسسىقكۆلدىكى سالقىنلىقتا پات - پات بېرىپ، «ماناس» توغرىسىدا ساياقباي بىلەن بۆلتۈرۈك پالۋاننى قاتناشتۇرۇپ، چوڭ قىسسە خاراكتېرلىك رومان يازىمەن، دەپ ماتېرىيال يىغىشقا باشلىغانلىقىنى خالايىقنىڭ ھەممىسى بىلىۋەرمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئارمىنىغا قىلتاق قويۇپ، مەقسىتىگە كىشەن سالغان تەقدىر دېگەن جۇۋاينىمەككە نېمە دېگۈلۈك!

قايسىبىر يىلى «يالقۇن» ژۇرنىلىغا باش مۇھەررىر بولۇپ يۈرگەن چېغىمدا لۇئى ئاراگوننىڭ بېقىۋالغان بالىسى ژان رىستا مېھمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئالاتاغنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپ، ئەركىن - ئازادە سىردىشىپ يۈرگىنىمدە ژان رىستا سىزگە لۇئى ئاراگوننىڭ 20 - ئەسىرنىڭ يارقىن ھادىسىسى ئورنىدا چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارىغانلىقىنى پات - پات ئەسلىدى. ئىنزگۈلۈك مۇساپىسىدە قولتۇقىڭىزدىن يۆلىگەن قوش ئۇستازنىڭ ئالدىدا سىزمۇ شاگىرتلىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلدىڭىز، لۇئى ئاراگون باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان چاغدا ئاتايىتەن ماقالە يازدىڭىز، مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىغا تەزىيە قىلىش ئۈچۈن پارىژغا بېرىپ كەلدىڭىز. ئاۋېزوفنىڭ بىر چاغدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن زىيان، ئەكسىيەتچى ئەسەر، دەپ باھالىنىپ، سىياسەتنىڭ ئۆتكۈر قايچىسىنىڭ بېسىغا چۈشۈپ كەتكەن «مۇدھىش زامان» دېگەن رومانىنى يۈكسەك ئابرۇيىڭىزنى دەستەك قىلىپ، ئىنتىپاق ئارا «نوۋىي مىر» (يېڭى دۇنيا) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرۇپ، خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈردىڭىز. مۇشۇ قالتىس زور خىزمىتىڭىز بىلەنلا قازاق خەلقىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆزگىچە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولدىڭىز.كىچىك پېئىللىقىنىڭ ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللەپ چىقتىڭىز، «ياقا يۇرتنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغىنىمدا سەپەرگە ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ چىققىنىم ئىككى مىللىي گۆھىرىم بار، ئۇلار ‹ماناس› بىلەن ‹مۇختار ئاۋېزوف›. سىز كىم بولىسىز؟ قازاقمۇ ياكى قىرغىزمۇ؟ دەپ سورىغانلارغا، مەن ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى مىللىي خەزىنە ھەققىدە سۆز باشلايمەن، بۇلار مېنىڭ خەلقىمنىڭ بەلگىلىرى» دېگەن گېپىڭىز مۇشۇ پىكرىمىنىڭ گۇۋاھى ئەمەسمۇ؟

**ئايتماتوف:** بۇ پەقەت يارەنلىككە يارەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشلىغۇ، بولمىسا مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزۈمگە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ ئادا قىلالىغىنىم يوق.

**چاقانوف:** قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، قىرغىز خەلقىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىغا قەدەم باسقىنىمدا ئۆزۈم بىلەن بىللە بىر پۇشايمان بىللە كەلدى.

**ئايتماتوف:** قانداق پۇشايمان؟

**چاقانوف:** ساياقباي قارالايېفنى كۆرەلمىگەنلىكىم. كۆزگە كۆرۈنگەن رېژىسسورلار ت. ئۆكەيېف، ب. شەمشىيۇف بىلەن م.ۋىنۇكىيۋلەرنىڭ ھۆججەتلىك فىلىملىرىدىن «ماناس»نى ئورۇندىغانلىقىنى تالاي قېتىم تاماشا قىلدىم. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە، ۋەقەنىڭ راۋاجىغا، ئېيتىش قۇدرىتىگە تالاي قېتىم شۇنچىلىك ھەيران قالدىمكى، ھاياجانلىنىپ كۆزۈمگە ياش ئالدىم. قانشا ئايىم كېلىنىڭىز ئىككىمىز دۇنيادىن بالدۇر كەتكەن شائىر دوستۇم جولۇن مامېتوفنىڭ رەپىقىسى مەگدىنى، پەرزەنتلىرى ئايگېرىم بىلەن ئەزىمەتنى ئاپىرىپ ئۇلۇغ ماناسچىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتۇپ، قەبرىسىگە گۈل قويدۇق. 20 - ئەسىرنىڭ مۇشۇ ئىككى ھېكمەتدانى قايسى سۈپەتلىرى بىلەن ئېسىمىزدە قالدى؟

(داۋامى بار)

قازاقچە «قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە - زارى» ناملىق كىتابىدىن
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئوسمانجان ساۋۇت**

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەشرەپلىرى

چاغان بۇتخانىلىقلار—ھازىرقى مورى ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان چاغان بۇتى يايلىقى، بوز تام يايلىقى ۋە نۇرى يايلىقى قاتارلىق رايونلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇرلاردۇر. مورى ناھىيىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا پىچان ناھىيىسى ۋە تۇرپان شەھىرى بىلەن شەرقىي شىمالدا بارىكۆل بىلەن، شەرقتە گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. بۇ ھەقتە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «تۆمۈرخان غوجام—ئايشەم خان غوجام مازىرى» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بار.

قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى، ئەتراپىدىكى باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۆپ بولماسلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايونغا كېيىنرەك تارقىلىشى قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى نىسبەتەن ئەينەن ساقلاپ كەلگەن.

مورى چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمى ئىسسىقلىق كۈنى، نىكاھ كۈنى، دەستار كىيگۈزۈش مۇراسىمى، قورۇ كۈنى، چىللاق دەپ بەش باسقۇچ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپلەردىكى ناخشا ـ سازلار ئاساسەن ئۈچ خىل مۇقامدا بولۇپ «يەللە»، «تېرىق»، «سەشمەن» دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇنى «چاغان بۇتخانىلىقلار مۇقامى» دەپ ئاتىشىدۇ.

## ئىسسىقلىق كۈنى

چاغان بۇتخانىلىقلار توي باشلىغان كۈننى «ئىسسىقلىق» كۈنى دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۈنى ئىسسىقلىققا تەكلىپ قىلىنغان مەھەللىدىكى بارلىق ئايال مېھمانلار ھەر

قايىسسى ئۆزى خالىغان ھەر خىل تائاملارنى ئېلىپ كېلىپ، توي قىلغان ئائىلىنى مۇبارەكلەيدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى مېھمانلارغا قىمىز قۇيۇلىدۇ. قىمىز ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ـ يىگىتلەر ۋە بوۋاي ـ مومايلار كەڭ سەينادا مەشرەپ سورۇنى تۈزەيدۇ. يىگىت تەرەپتىن بىرقانچە ياشانغان ئەر ـ ئاياللار بىلەن بىرنەچچە قىز ـ يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان قۇدا ئەلچىلىرى داستىخان كۆتۈرۈپ قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قىز تەرەپ توي باشلاپ كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. مەشرەپ يەنە داۋاملىشىدۇ.

## نىكاھ كۈنى

چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار توي كۈنىنى نىكاھ كۈنى دەپ ئاتىشىدۇ. نىكاھ كۈنى ئەتىگەندە ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش مېھمانلار يېتىپ كېلىشىدۇ. توي رەسمىي باشلىنىپ، مېھمانلارغا ئالاھىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مول داستىخانلار سېلىنىدۇ. تائامدىن كېيىن چوڭلارنىڭ بەلگىلىشى بىلەن مەھەللىنىڭ ئىمام ـ مەزىنى، يىگىتنىڭ ئاتىسى ياكى ئاپىسى، مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق بوۋاي ـ مومايلار ۋە ياشلاردىن بولۇپ 10 ـ 15 دەك كىشى قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ. قىز تەرەپ يىگىت تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن مېھمان قىلغاندىن كېيىن نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىمام نىكاھ ئوقۇشتىن ئىلگىرى، نىكاھ ھەققى كېلىشىمى بەلگىلىنىدۇ. بىر كىشى قىزنىڭ ۋاكالەتەن ئەلچىسى بولىدۇ، يەنە بىر كىشى يىگىتنىڭ ۋاكالەتەن ئەلچىسى قىلىپ سايلىنىدۇ (چاغان بۇتخانىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە تويى بولغان يىگىت قىز كۆچۈرۈشكە بارمايدۇ. ئۇ ئەڭ يېقىن دوستىغا ئۆزىگە ۋاكالەتەن پىچىقىنى بېرىپ قويىدۇ. ئىمام پىچاقنى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇيدۇ). يىگىت ۋە قىزنىڭ ۋاكالەت ئەلچىلىرى ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئىمامغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھتىن كېيىن مەشرەپ باشلىنىدۇ. مەشرەپ چۈشتىن كېيىنگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنى كىيىندۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلاشتۇرغىلى ئېلىپ چىقىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى تويى بولغان قىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىدىن پۇل ياكى ئۇننى چاچقۇ چاچىدۇ. چاچقۇدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى قىزىغا رازىلىق دۇئاسىنى بېرىدۇ. دۇئادىن كېيىن «بېيت ئېيتىشىش» باشلىنىدۇ.

بېيت ئېيتىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. توي توپىنىڭ ئالدىدا نەغمىچىلەر يول بويى ناخشىلارنى سازغا تەڭكەش قىلىپ، ياش قىز ـ يىگىتلەر قىقاس چاقىرىشىپ ماڭىدۇ. يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە قىز كۆچۈرۈلگەن ھارۋا ياكى ئات ئوتتىن سەكرىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن مېھمانلار قارشى ئېلىنىپ، ئۆيلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ داستىخان سېلىنىدۇ.

## دەستار كىيگۈزۈش مۇراسىمى

توينىڭ ئەتىسى كەڭ بىر جايغا سورۇن تۈزۈلۈپ ئوتتۇرىسىغا كىگىز ۋە كۆرپە سېلىنىدۇ. كۆرپە ئۈستىدە تويى بولغان يىگىت يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى تەرىپىدىن كۈيئوغۇلغا تەييارلانغان دەستار، يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بويۇن ياغلىق ۋە ئىككى ئۇچى كەشتىلەنگەن بەل پوتىسىنى قىز يەڭگىسى ئېلىپ كېلىپ، دەستارنى يىگىتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ، پوتىنى بېلىگە باغلاپ قويىدۇ. بويۇن ياغلىقنى يىگىتنىڭ بويىنىغا ئۈچ بۇرجەكلەپ ئىككى ئۇچىنى چېتىپ قويىدۇ. قىز ئادەت بويىچە يىگىتنىڭ بېشىدىكى دەستارنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ ئاندىن يىگىت يەڭگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ. يىگىتنىڭ بويىنىدىكى مۇستەھكەم چىگىلگەن بويۇن ياغلىقنىڭ ئۇچىنى يېشەلمىسە، قايچا بىلەن كېسىپ تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئەگەر يىگىتلەر تۇيۇپ قالسا، قىز يەڭگىسىگە تېگىشلىك جازا بېرىدۇ. كەچتە يەنە مەشرەپ باشلىنىپ، ئالدى بىلەن «تېرىق» مۇقامى تەڭكەش قىلىنىدۇ:

ھەي... تاغدا تېرىق تېرىسام باغلىقى يوقكەن يارەي،
باغلىقى يوق بىزنىڭ يارنىڭ ياغلىقى يوقكەن.
ھەي... ئاق بوز ئېتىم سەمرىمەيدۇ ئېگىز ئوتىدا يارەي،
ھەي... يۈرەك باغرىم بېسىلمايدۇ يارنىڭ ئوتىدا يارەي.
ھەي... ئاق بوز ئېتىم، كۆك بوز ئېتىم يايلىغى ئۇزات يار ـ يارەي،
بۈگۈن كېچە يار قاشىغا يەتكۈزگىن بوز ئات يارەي.
بۈگۈن كېچە يار قاشىغا يەتكۈزسەڭ بوز ئات يار ـ يارەي،
يۈگەن ـ نوختاڭنى بوشاتىپ سالۇرمەن بوز ئات يارەي.

تېرىق ناخشىدىن كېيىن «يەللە» مۇقامى ئېيتىلىدۇ:

«يەللە»

ئېيىۇ... ھەيىۇ... لىللا تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،
ئەيلو... لا، گۈل باشىغا ساچىلۇر ھە... يىۇلىللا.
شۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم يارنى سۆيسەم ئاچىلۇر.
ئېيىۇ... ھەيىۇ... لىللائىي... لا.

«يەللە» ئاخىرلىشىشى بىلەن «سەشمەن» مۇقامى باشلىنىدۇ. «سەشمەن» ئومۇمەن يەتتە خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر تاغ مۇقاملىرى ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ سورۇنىنىڭ باش تەرىپىدە ئۈچ كىشى ئۆرە تۇرۇپ داپ چېلىپ ناخشا باشلايدۇ. تۆۋەندە بىز

سەشمەن مۇقامىنىڭ 1 ـ ئاھاڭىدا ئېيتىلغان ناخشا تېكىستىنى كۆرۈپ باقايلى:

سەشمەن ئارا ئادا بولدى، يار ئادا بولدى،
بىر كۆرمەك، بىر كۆرمەككە خار بولدى.
ئاي ھاۋانىڭ تۇمانىدىن ھېچبىر يارەي،
باشىم ئاي... باشىم ئايلانىپ كەلدىمەي.
ۋاي... ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
ۋاي... ياردىن ئايرىلىپ كەلدىمەي.

مورى چاغان بۇتخانىلىقلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس ئادىتى بويىچە «سەشمەن» مۇقامىنىڭ ئاخىرقى 7 ـ ئاھاڭى سۈپىتىدە نازىركۇم ناخشىسى ئېيتىلىدۇ:

يا، قارىلىپ، يا قارىلىپ باقمايدۇ،
سۇ قارىلىپ، سۇ قارىلىپ ئاقمايدۇ.
يا، قارىلىپ باققاندا،
بىر خىيالىم ياقمايدۇ.
ئۆرگىلدى جان، چۆرگىلدى جان ـ بىچارىخان،
بىر خىيالىم ـ بىر خىيالىم ياقمايدۇ.
ئا... يەي نازىركۇم، ئالتە كەپتەر يەتتە بولدى،
يەتتە كەپتەر سەككىز بولدى، قوندى تېرەككە.
يۇگۇرۇڭلار، يېتىشىڭلار مەنچىلىك كۆڭلەككە.
مەنچىلىك كۆڭلەك كىر بوپ قالسا يۇسا بولمامدۇ؟
يارنىڭ كۆڭلى ئېگىز بولسا، ئەگسە بولمامدۇ.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا قۇرغۇي ئىزى بار،
بىزنىڭ يارنىڭ يانچۇقىدا قۇرۇق ئۈزۈم بار.
قۇرۇق ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈمدەك قۇرۇتتۇڭ مېنى،
زىندانىدىكى گۇناھكاردەك ئۇنۇتتۇڭ مېنى.
زىندانىدىكى گۇناھكارنىڭ گۇناھى باردۇر،
سەندىن باشقا يارنى تۇتسام خۇدايىم باردۇر.

سەشمەن مۇقامىنىڭ ئاخىرى بولغان نازىركۇم بارغانچە تېزلىشىپ بېرىدىنلا «جاقۇر ـــ جۇمبۇرچاق» ئۇسسۇلىغا ئۆزگىرىدۇ. «جاقۇر ـــ جۇمبۇرچاق» ئۇسسۇلى، ئاساسەن قەدىمكى ئوۋچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە كۈلكىلىك ئىپادىلەيدىغان، كومېدىيە تۈسىنى ئالغان ئۇسسۇل بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىدىكى ھەممە خالايىقنى قاتتىق كۈلكىگە سالىدۇ.

## قورۇ كۈنى

«قورۇ كۈنى» توينىڭ 3 ـ كۈنى بولۇپ، قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش كۈنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈنى، كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يېڭى كېلىننى يېڭى ئۆينىڭ قازان ـ قۇمۇچ ۋە ئوچاق باشلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قىز يەڭگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشانغان ئاياللار سورۇن تۈزگەن ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ ۋە بىر نەچچە قائىدە ـ يوسۇنلارنى يەڭگىسىنىڭ ياردىمىدە بىللە ئورۇنداپ ئاندىن ئۆيگە كىرىدۇ. مەسىلەن، قىز يەڭگىسى: «قىز كىرىمەن دەيدۇ، كىرگىلى قورقــــمەن دەيــدۇ.» ئىچكىرى ئۆيدىن: «كىرسۇن، قورقمىسۇن» دېگەن ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان كېلىن بىر قېتىم تەزىم قىلىدۇ؛ بۇ قائىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن قىزنى چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن قىز يەڭگىسى ياكى يىگىتنىڭ يېقىن ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرسى ئۇسسۇل ئويناپ، يېڭى كېلىننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. قورۇ كۈنى، ھەر ئىككى تەرەپتىكى قۇدا ـ قۇداغىيلار مەشرەپ سورۇنىدا بىللە بولىدۇ. بولۇپمۇ يىگىت تەرەپتىكى قۇدا ـ قۇداغىيلار قىز تەرەپ قۇدا ـ قۇداغىيلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىپلا قالماي، ئۇلارنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىشىپ، قىز تەرەپتىكى قۇدىلار سورۇندا ئۇسسۇل ئوينىغاندا ھۆرمەت يۈزىسىدىن قىممەت باھالىق رەختلەرنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويۇشىدۇ. قورۇ مەشرىپىگە ئاساسەن ياشانغانلار قاتنىشىدۇ.

## چىللاشقا

توينىڭ 4 ـ كۈنى قىز تەرەپتىكى قۇدا ـ قۇداغىيلار توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تۇغقان بولغانلىقلىرىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چىللايدۇ. بۇلار بىلەن مەھەللىنىڭ ئىمامى، يېڭى كۈيئوغۇل ھەم ئۇنىڭ يېقىن بىر دوستى قاتارلىقلارمۇ چىللاشقىغا بىللە بارىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، چوڭلار ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. يىگىت ۋە ئۇنىڭ دوستى ئىشىك ئالدىدا قېلىپ بىردەم كۈتىدۇ. چوڭلار سالاملىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن يىگىتنىڭ دوستى ئۈنلۈك قىلىپ: «كۈيئوغۇل سالامغا كەلدى» دەپ توۋلايدۇ. ئىچكىرىدىن: «ھە كىرسۇن، سالىمىغا سالام قايتۇردۇق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. يىگىتنىڭ دوستى: «يىگىت سالامغا كەلدى، خىجىل بولىمەن دەيدۇ» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، يىگىت ئۈچ قېتىم سالام قىلىپ 4 ـ قېتىمدا ئۆيگە كىرىدۇ ۋە قېيناتا ـ قېينانىسىغا قول باغلاپ تۇرۇپ سالام بېرىشىدۇ. چوڭلار كۈيئوغۇلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىدۇ ۋە قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.

مورى چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلار، يۇقىرىدا بايان قىلغان توي قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن باشقا يەنە توي ئا-

رىلىقىدا «مىلىس مەشرىپى»، «قېيىت مەشرىپى»① ئوينايدۇ.

## مىلىس مەشرىپى

مەشرەپ سورۇنى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ياشانغانلار تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرىدۇ. سورۇننىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدە قىز ـ چوكانلار بىلەن يىگىتلەر بۆلۈنۈپ ئۆرە تۇرۇشىدۇ. داپ تۇتقان ئىككى ناخشىچى ياشانغانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ «مىلىس» ناخشىسىنى باشلايدۇ. ئاندىن بىر مىلىس باشقۇرغۇچى قولىغا ئىككى قات ئېشىلگەن بىر قانچە ياغلىقنى ئېلىپ، كۆڭلى خالىغان بىر قانچە يىگىت ۋە چوكان، قىزلارنى بىر ـ بىرلەپ پوتىغا تارتىدۇ. پوتا ئويۇنى ئوينىغان ئىككى كىشى ئوڭ قولىنى بېسىپ ئۆتتۈشىدۇ ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈزلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۈچ رەت ياكى توققۇز رەت ئۆتتۈشۈپ ھەر نۆۋەت بىر قېتىم تەزىم قىلىشىدۇ. 9 ـ ياكى 3 ـ رەت ئۆتتۈشۈپ ئايلانغاندىن كېيىن بېيت ئېيتىشىپ ئاندىن پوتىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزىدۇ. قىسمەن ناتونۇش ئۆلپەتلەرمۇ مىلىس مەشرىپى ئارقىلىق تونۇشىدۇ. بەزى قىز ـ يىگىتلەر مەشرەپتە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ.

مىلىسلىق مىلىس بولامدۇ،
بىزنىڭ يارنى چىللىماي.
پوتا سالدىم جېنىم سىزگە،
دەردىڭىزگە پايلىماي.
پوتا سالدىم يارىمغا،
تەن بەرمەستىن ھالىمغا.
بولتۇر قىلغان سۆزلىرى،
ئەمدى كەلدى يادىمغا.

## قېيىت مەشرىپى

مىلىس مەشرىپى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يىگىتلەر «قېيىت» مەشرىپىگە تەييارلىق قىلىدۇ. تويى بولغان يىگىت «شاھ»، ئىككى يىگىت قولدىشى «ئوڭ ۋە سول قول ۋەزىر» قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ۋەزىرلەر خالىس ئۈچ كىشىنى قازى، پەششاپ ۋە جاللات، بىر كىشىنى «ئىشىك ئاغا» قىلىپ بەلگىلەپ، ھەر قايسىسىغا ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. «شاھ» تۆردە، ئىككى «ۋەزىر» شاھنىڭ ئىككى تەرىپىدە، قالغانلارمۇ تېگىشلىك ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى 30 ئوغۇل، توققۇز قىز بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ؛ مۇشۇ پەيتتە مەشرەپ باشلىنىپ، تويى بولغان قىز يەڭگىسى بىلەن بىللە ئۇششاق تولگەن ئىككى چىنە چۆچۈرە ئېلىپ كىرىشىدۇ. قائىدە بويىچە قىز ئەدەپ بىلەن «شاھ» نىڭ ئاغزىغا چۆچۈرىنى سېلىپ قويىدۇ؛ «شاھ» چۆچۈرىنى چايناپ يەۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ يەڭگىسى يىگىتلەرنى ئارىلاپ ئاغزىغا چۆچۈرە سالىدۇ. لېكىن ئۇلار چايناپ يېيىشكە يول قويۇلماي پۈتۈن يۇتۇشى كېرەك. كىمكى چۆچۈرىنى پۈتۈن يۇتالماي چايناپ قويسا، دەرھال جازالىنىدۇ. بەزىلەر مەشرەپ سورۇننىڭ تەرتىپىنى بۇزسا، پەششاپ بەگ تەرىپىدىن سوراق قىلىنىپ، گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ قازى ئاخۇننىڭ ھۆكۈم قىلىشى ۋە جاللاتنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. جازالانغانلارنىڭ بۆكى، ياغلىقى تارتىۋېلىنىپ، مەشرەپ سورۇندىن ھەيدەلگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار «شاھ» ۋە كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆز گۇناھىنى توۋا قىلىپ ئەپۇ سورايدۇ. «شاھ» نىڭ بۇيرۇقى بىلەن «ۋەزىرلەر» ئۇلارنىڭ بۆكى ياكى ياغلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، سورۇنغا قوشۇلۇشقا ماقۇل بولىدۇ. گۇناھى يېنىكرەكلەرگە تەنبىھ جازاسى بېرىپ، مەشرەپ ئەھلىگە ناھايىتى قىزىقارلىق كومېدىيە تۈسىنى ئالغان جازا ئويۇنلىرى ــ «ساماسا يېقىش»، «سۇرەتكە تارتىش»، «ھاگىياڭ ـ ماگىياڭ، شېكەر بىلەن ساماسا يەڭ» قاتارلىقلارنى ئويناپ بېرىدۇ. «قېيىت مەشرىپى» بولۇۋاتقاندا، جازالانغانلارنىڭ ھەر قايسىسى دۇكاندىن مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىپ كىرىشىپ «شاھ» تىن ئۆز گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تىلەپ توۋا قىلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مېۋە ـ چېۋە دۈۋىلىنىپ كېتىدۇ. مەشرەپنىڭ ئاخىرىسىدا مېۋىلەرنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى يىگىتلەرگە، يېرىمىنى قىزلارغا بېرىدۇ.

مورى چاغان بۇتخانىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تويى مەشرەپلىرى كىشىلەر ئۇتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، كوللېكتىۋىزملىق روھ ۋە مېھماندوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا مىللىي قائىدە ـ يوسۇن، مىللىي ئەخلاقنى يېتىلدۇرۇشتە ئىنتايىن مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئۇلار ھازىرغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

---

①قېيىت ــ جازالاش مەنىسىدە.

مۇھىم مەزمۇنلارنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: چاغان بۇتخانىلىق ھېيتەم، بوستانلىق تۆمۈر ئاكا، ئىمىن ئاكا، تۆمۈر شېيخ.

تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن

مەريەم مەمەت

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# ھەيرانمەن

## «سېمىز گۆش يېيىش» توغرىسىدىكى بىر ئۇلاھىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

توختى باقى ئارتىشى

«سېمىز گۆش يېسىمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ». بۇ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «سالامەت بولۇڭ» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە قىسقا ماقالىسىنىڭ سەرلەۋھىسى. ماقالىدە سېمىز گۆشنىڭ «ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئوزۇقلۇقى» ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ۋە بۇ جەھەتتە ياپونىيە، ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بەرگەن پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بايان قىلىنغان.

پايدىلىق مەسلىھەتنىڭ ھەر كىمگە ياقىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇ ماقالىنى ياقتۇرغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەزى تەسىراتلىرىمنى بايان قىلغۇم كەلدى.

ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، تەرجىمە خىزمىتىدىكى تىل ـ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن «تېلېۋىزىيە سۆھبىتى»دە گېزى كېلىپ قالغانلىقتىن، «سېمىز گۆش» دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ ئاتالغۇ شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە سۆز مۇھىتى جەھەتتىن «چوشقا گۆشى» بىلەن چېتىلدۇرۇپ بايان قىلىنغاچقا، خېلى كۆپ ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان؛ خېلى كۆپ ئادەم بۇ ھەقتىكى ساۋات ئۈستىدە مەن بىلەن بىۋاستە پىكىرلەشتى. مانا ئەمدى شىنجاڭ گېزىتىدە «سېمىز گۆش» توغرىسىدا خەۋەر قىلىنغان مەلۇماتنى ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن خىيالىمغا كەچكەن بەزى ساۋاتلارنى بايان قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم.

خۇددى ماقالىدە ئېيتىلغاندەك، كۆپلىگەن كىشىلەر سېمىز گۆشنىڭ سالامەتلىكنى زىيانغا ئۇچرىتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى يېيىشتىن قاچىدۇ. چۈنكى گۆشنىڭ سېمىزلىكى يەنى يېغى كۆپرەك بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ تېنىدە ماي ماددىسى يىغىلىپ، كۆپىيىپ، قان تومۇرلىرى قېتىشىپ، نەتىجىدە ھەرىكەتچان قېنى ئازىيىپ، ئوزۇقلۇق ماددىلىرى يېتىشمەسلىك، يۈرىكى ئاغرىش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش دېگەندەك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى ئىلمىي ئاساستا

ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. قوي گۆشىنىڭمۇ سېمىز ـ ئورۇقى
بار. مەيلى ئۆزىمىز ئۇققان ـ بىلگەن ئوزۇق ـ ئوقەتكە
ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەردە بولسۇن، مەيلى تۇرمۇشىمىز-
دىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىمىزدىن چىققان تەسە-
راتلىرىمىزدا بولسۇن «قوينىڭ سېمىز گۆشى زىيانلىق»
دەيدىغان گەپ ـ سۆز، تەسرات ياكى خاتىرە يوق دې-
يەرلىك دەرىجىدە ئاز بولسا كېرەك (بۇ يەردە شۇنى ئە-
زاھلاشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان
بىلمەيدىغان، ئىسسىق ـ سوغۇق ياكى قويۇق ـ سۇيۇق
تاماقنى تەڭشەپ يېيىشنى بىلمەيدىغان، توپا يەمسە دېسە،
يېغى بارمىكەن؟ دەيدىغان، چاشقانغا ئوخشاش ياغنى
كۆرسە دۈم چۈشىدىغان، ھەتتا تويغىنىنى بىلمەي ئېھتى-
ياجىدىن ئارتۇق يەپ، ئۆزىنى ئۆزى قورسىقىنى ئۆز قولى
بىلەن قىيناپ كېسەل تېپىۋالىدىغان ئەھۋاللار بۇ يەردە
نەزەردىن ساقىت قىلىندى). سويغان قويۇم سېمىز چىقىپ
قالدى، دەيدىغان قاسساپنى، گۆشىنىڭ ئورۇقىنى ئالاتتىم،
دەيدىغان ئاشپەز، خېرىدارنى ئۇچرىتىش قىيىن. ئوزۇق-
شۇناس ئەخمەتجان ئىسمائىل ئۆزىنىڭ «مىجەز ۋە يې-
مەك ـ ئىچمەك» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە قوي يېغى
ئۈستىدە توختىلىپ: قوي يېغىنىڭ «تەبىئىتى: بەدەننى
قىزىتىدۇ، پارقىرىتىدۇ، ئوزۇق بولىدۇ» دېگەن، ئۇ سېمىز
قوي گۆشىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ھەم ئوزۇقلۇق ھەم قۇۋ-
ۋەت ئاتا قىلىش رولىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاسان
سىڭدىغانلىقىنى، بەدەنگە ئۆزلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى،
مەنپەئەتى زور ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇنىڭ
قارىشىچە، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق ماددى-
لارنىڭ بىرى بولغان ئاقسىل ماددىسى «گۆش تەركىبىدە
ئوخشاشمىغان مىقداردا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر شۇ ماد-
دىلار ۋاقىت، سۈپەت ۋە مىقدار ئېتىبارىدىن ئىنسانلار
لايىقىدا تەمىنلەنمىسە، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس. شۇڭا بۇ ماددىلار ئىنسان ھاياتىغا زۆرۈر بولغان
ئاساسىي يېمەكلىك». خەنزۇ تىلىدىكى «يېمەكلىكلەردىكى
ئوزۇقلۇق ۋە ئۇلارنىڭ دورىلىق قىممىتى» ناملىق ئە-
سەردە (ئاپتورى ئاۋياڭۋېن، «جۇڭگو تېبابىتى ۋە دورى-
لىرى نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر
قىلىنغان) تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلغان ھالدا مۇنداق دې-
يىلگەن: «قوي گۆشىنىڭ تەمى باشقىچە ياخشى، ئوزۇق-
لۇق تەركىبلىرى ناھايىتى مول ... ئۇ ئومۇمەن تەنگە
ئىسسىقلىق، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان شېرىن يېمەك-
لىكتۇر. ئاز سانلىق يەرلەردە ئاساسىي تائام قىلىنىدۇ».
شۇ ئەسەردە يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ: «قوي گۆشى خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان بىر خىل پايدىلىق دورا سۈ-
پىتىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە» دېيىلگەن. ئەگەر
قوي گۆشىنى «شېرىن يېمەكلىك»، «پايدىلىق دورا» ۋە
«كارامەت قوي» دەيدىغان بۇ چۈشەنچىلەر بۇندىن 2200
قانچە يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان «كونا تارىخ» ئې-
كەن دېيىلىدىغان بولسا، يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ھەر
خىل ماددىلارنىڭ مىقدارىنى، سۈپىتىنى، پايدىلىق ياكى
زىيانلىق تەرەپلىرىنى «قىلنى قىرىققا يارىدۇ»غان زاما-
نىۋى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئېنىقلاش ئاساسىدا ئوت-
تۇرىغا چىققان «يېڭى ۋە رېئال» چۈشەنچىلەرگە قاراپ
باقايلى:

ياغ ياكى ماي ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تېنىدە، ئۆ-
سۈملۈكلەر جىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئىسسىقلىقنى ساق-
لاپ تۇرىدىغان ئوزۇقلۇقتۇر، شۇ جۈملىدىن ئۇ ئادەمنىڭ
ۋۇجۇدى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىسسىقلىقنى يەتكۈزۈپ
بېرىدۇ. قوي گۆشىدە ئاقسىل ماددىسى كۆپ ۋە لېكىن
قوي گۆشىنىڭ ياغ تەركىبى چوشقا گۆشىدىكى ياغ تەر-
كىبىنىڭ ئاران يېرىمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ ... ھەر 500 گرام
قوي گۆشى 6427 كىلوكالورىيە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىن-
لىنەلەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن قىش كۈنلىرىدە كۆپرەك ئىستې-
مال قىلسا بولىدىغان قۇۋۋەت بەخش يېمەكلىكتۇر. قوي-
نىڭ گۆشىدىن باشقا تەركىبلىرىنىڭمۇ ئادەم تېنىگە قۇۋ-
ۋەت بېرىدىغان رولى بار. قۇبلايخان دەۋرىدە ياشىغان
ھۆكۈمالاردىن لى گاۋ: ئادەمگىياھ قوي گۆشى تەنگە
پايدىلىق. لېكىن قوي گۆشىدە بىر خىل يېقىمسىز ھىد بار،
ئۇنى تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە ياكى ئازغىنا چۈچۈكبۇيا،
زەنجىۋىل بىلەن قاينىتىپ يوقىتىش مۇمكىن، ئەنە شۇ
چاغدا گۆش مەززىلىك بولىدۇ، ئاسان سىڭىدۇ دەپتىكەن.

مانا بۇ باياندىن مەلۇمكى، قوي گۆشى تىلغا ئېلىن-
غاندا، «سېمىز ياكى بورداق قوي»، «ياغلىق گۆش»
كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. خەنزۇ قېرىنداشلار «فېيرۇ»
(سېمىز گۆش) دېگەنلىرىدە كۆپ ھاللاردا سالپاڭ قۇلاق
چوشقا گۆشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى «چوشقا گۆشىنىڭ
ئومۇمەن 28.8 ـ 90.8 پىرسەنتى ياغ بولۇپ، قوي، كالا
گۆشىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5 ھەسسە ئار-
تۇق ... ھەر 500 گرام چوشقا گۆشى 12مىڭ 142 كىلو
كالورىيە ئىسسىقلىق چىقىرىپ بېرىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن

2003

چوشقا گۆشىنىڭ «بەلگىلىك دورا قىممىتى بولسىمۇ، لېكىن ياش تەركىبى تولىمۇ كۆپ، ئۇنى ئىمكانقەدەر ئاز يېيىش لازىم، بولۇپمۇ قان تومۇر كېسەللىرى، يۈرەك ئاغرىقى، قان بېسىمى كېسەللىكى ۋە جىگەر، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلار ئېھتىيات قىلىشى لازىم؛ رېماتىزم قىزىتمىسى، دەم سىقىما، قەۋزىيەت، ئىچ ئۆتكە كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ چوشقا گۆشىنى يېمىگىنى ياخشى». (يەنە يۇقىرىدىكى ئاۋ ياڭزۇېن ئەسەرىگە قاراڭ). دېمەك، گۆشنى «دورا»، «قۇۋۋەت بەخش» دەپ ئارزۇلاپ ئىستېمال قىلىشتا، «سېمىز گۆش سالامەتلىككە زىيانلىق» دەيدىغان ۋەھىمىدىن خالىي بولالمايدىغان روھىي ھالەت ھەقىقەتەن رېئال تۇرمۇشىمىزدا خالىي بولغىلى بولمايدىغان تەگمىسە بىر چەتتە قالىۋېرىدىغان، تەگسە مېڭىنى چىرمىۋالىدىغان غەلىتە بىر ھادىسە بولۇپ تۇرماقتا. مۇشۇنداق ھادىسە تۈپەيلىدىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرمۇشىمىزدا بىر تەرەپتىن «ياخشى سەمرىگەن ئەركەك قوينىڭ گۆشى»نى تاللاشقا تىرىشساق، يەنە بىر تەرەپتىن داستىخانلىرىمىزدا «سېمىز گۆش»نى يەكلەپ، شاللاپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. يېغى تېمىپ تۇرىدىغان پولو، بورداق گۆشنىڭ كاۋىپى، مايلىق شورپىسى ئېقىپ تۇرىدىغان پېتىر مانتا ۋە ئوخشىغان شورپىلىق گۆش ئىشتىھايىمىزنى تارتىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «سېمىز گۆش زىيانلىق» دەيدىغان ۋەھىملىق خىيال كۆڭۈللىرىمىزنى غەش قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ ئوزۇق ـ ئوقەت مەدەنىيىتىمىزدىكى بۇ زىددىيەتلىك ھادىسە زادى نېمىدىن پەيدا بولۇۋاتىدۇ؟

كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئوزۇقشۇناسلىقنى تەتقىق قىلغان ۋە ياكى قىلىدىغان «تەتقىقاتچى» ئەمەسمەن، «ياغلىق گۆش»نىڭ بازىرىنى كۆزلەپ قوي بورداپ ساتىدىغان «باقمىچى»مۇ ئەمەسمەن، راستتىن ياكى يالغاندىن ماختاپ ئۇچۇرۇپ بازار تاپىدىغان «ئېلانچى»مۇ ئەمەسمەن. ئەمما «سېمىز گۆش سالامەتلىككە زىيانلىق»دەيدىغان گەپلەر ھەر قاچان خىيالىمغا كەچسە ياكى قۇلىقىمغا كىرسە، پىكرىمنى يىغىۋالالماي قالىمەن.

بورداق قوي، سېمىز ـ ياغلىق گۆش ھەقىقەتەن كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. «ياغ يەپ يات، يالىڭاچ يات»، «قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا»، «ئەت ئەتكە، شورپا بەتكە»، «ئادەمگىياھ، قوي گۆشى تەنگە» ۋەھاكازا دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلەر سېمىز قوي گۆشىنى مەزمۇن قىلىدۇ. غۇۋا بولسىمۇ شۇنداق يادىمدا تۇرۇپتۇ، قايسىبىر چاغلاردا، بەزى كەمبەغەللەر ئەمچەكتىكى باللارغا قويرۇق ياغنى ئېمىزگە قىلىپ شوراتقۇزاتتى، ئېھتىمال گۆش ـ ياغ يېيىشكە قۇربى يەتمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان ياغلىق گۆشكە بولغان ئېھتىياجىنى شۇنداق چارە بىلەن تەمىن ئەتسە كېرەك. بىزدەك كەمبەغەل ئائىلىلەردە ئۆسكەن باللار ھەتتا تاكى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ مەئىشىتىنى مۇستەقىل كۆرگۈدەك ھالەتكە يەتكۈچە گۆش ـ ياغنىڭ تەمىنى تويغۇدەك تېتىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى تولىمۇ ئاز ئىدى. گەپ گۆش ـ ياغنى خالىماسلىقتا، گۆش ـ ياغ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەن دەپ قورقۇشتا ئەمەس، كىمنىڭ كۆڭلىدە گۆش ـ ياغ يېگۈسى كەلمەيدۇ؟ گەپ كەمبەغەللىكتە، چۆنتەكتە گۆش ـ ياغ يېگۈدەك پۇل بولمىغانلىقىدا. مانا ھازىرقى كۈندىمۇ، كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ: بىرمۇنچە كەمبەغەل باللار ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلىيەلمەي ئوقۇشتىن مەھرۇم قالماقتا؛ ياغلىق پولۇ، ياغلىق گۆشنىڭ مانتىسى، بوردالغان ئېرىك قوينىڭ گۆش ـ شورپىسى دېگەننى كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماي، تولىسىغا زاغرا نان يەپ چوڭ بولغان، مىڭبىر مۇشەققەت ۋە غورىبەتچىلىكتە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، قاتتىق نام، داغ سۇ بىلەن ئوقۇشنى داۋام قىلىۋاتقان باللارغا، ئىش ئورنىدىن قالغان بىچارىلەرگە، سالتاڭ قېرىلارغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق، ھارغىنلىق «سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ» دەيدىغان «ۋەھىمە» لەرنى پەيدا قىلغان گۆش ـ ياغنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ؟

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گۆش خۇددى ئاشلىق ۋە مېۋە، كۆكتاتلارغا ئوخشاش، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىرىدۇر، ئادەم ئۇنىڭدىن لايىقىدا پايدىلانمىسا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. گۆشنىڭ تەركىبىدىكى ماي ماددىسىغا كەلسەك (ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، كەچۈرۈڭلار، مەسىلىنى چالا بولسىمۇ ئىلمىيرەك مۇلاھىزە قىلىش توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇ ماقالىدا تۇڭگۇز گۆشىنىمۇ قوي گۆشى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم). چوشقا گۆشىنىڭ تەركىبىدە ماي 28.8 پىرسەنتتىن 90.8 پىرسەنتكىچە تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، چوشقا گۆشىدىكى ماي

تەركىبى كالا ۋە قويىنىڭكىگە قارىغاندا 2.5 ھەسسە كۆپ؛ چوشقا گۆشىنىڭ ھەر 500 گرامى 12 مىڭ 142 كىلو كالورىيە ئىسسىقلىق چىقىرىپ بېرىدۇ، قوي گۆشىنىڭ تەركىبىدىكى ماي ماددىسى چوشقىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، قوي گۆشىنىڭ ھەر 500 گرامى 6427 كىلو كالورىيە ئىسسىقلىق چىقىرىپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ ئىلمىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن خۇلاسە چوشقا گۆشى بىلەن قوي گۆشى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى تولىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. «سېمىز گۆش سالامەتلىككە زىيانلىق» دېگەندە «سېمىز گۆش» دېگەن سۆزنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا چوشقا گۆشىگە قارىتىلغانلىقىدا شەك يوق بولسا كېرەك.

بۇ چۈشەنچىلەر ئاساسسىز ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تارىخىي ئەنئەنىلەرگە قاراپ باقايلى. مەشھۇر خەنزۇ ھۆكۈما لى شىجىن ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇنقى تېۋىپ، ھۆكۈمالارنىڭ ۋە ئەل ئىچىدە بارلىققا كەلگەن تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ (مىلادىيە 1578 ـ يىلى) يازغان ۋە خەنزۇ تېبابەتچىلىكىدە ھازىرمۇ قىممەتلىك دەستۇر بولۇپ كېلىۋاتقان، ھەتتا چەت تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان «بىنساۋگاڭمۇ» (دورا ـ دەرمەكلەر دەستۇرى)دە قوي گۆشى، سېمىز گۆش ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا تولىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن:

كۈڭزى: كالا ۋە قوينى بىلدۈرىدىغان «نيۇ»، «ياڭ» دېگەن ھەرپلەر ( 牛, 羊 ) شۇ ھايۋانلارنىڭ شەكلى ـ تۇرقىغا قاراپ ياسالغان دەپتىكەن.

قوينىڭ پىچۇۋېتىلگەنلىرى ئېرىك، ئەركەك دېيىلىدۇ، باللىرى قوزا، پاقلان دېيىلىدۇ.

قوينىڭ تۈرى كۆپ، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ.

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىنىڭ قويلىرى ناھايىتى ياخشى، لېكىن جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە ھەيدەپ بارغۇچە كۈچ ـ ماغدۇرى كېتىدۇ، ئۇ ھالدا ئۇنداق قويلارنىڭ گۆشى ئادەمگە قانداقمۇ قۇۋۋەت قىلالىسۇن؟! شىمال تەرەپنىڭ قويلىرى جەنۇب تەرەپكە بارغاندىن كېيىن بىر ـ ئىككى يىل ئۆتمەيلا گۆشى لاۋزىلىشىپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋال تۇپراقتىن بولسا كېرەك. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرق تەرەپلىرىدىن، شەنشىدىن قوچقار كۆپ چىقىدۇ، ئۇ ھەر قاچان مۈڭگۈرەپ تۇرىدۇ، يۇڭى ئۇزۇن ھەم قويۇق بولىدۇ، دورىغا ئارىلاشتۇرسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، لېكىن شىمال تەرەپنىڭ يوغان قويلىرىدەك يېيىشلىك ئەمەس. شەنشى، سەنشىلەردىن چىقىدىغان قويلارنىڭ بېشى كىچىك، تېنى چوڭ، مويى ئۇزۇن بولىدۇ.

قۇمۇل ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق يەرلەردىن چىقىدىغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارنىڭ يۇڭى ئىنچىكە، تېرىسى نېپىز، قۇيرۇقى چوڭ بولىدۇ. «تاڭنامە»دە «خاسىيەتلىك قوي» دەپ ئاتىلىدۇ. تاجىكلار يۇرتىدىن «ھۇن قويى» چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ چىدىن ئاشىدۇ، قۇيرۇقى قەغەز يەلپۈگۈچكە ئوخشايدۇ، مالچىلار ھەر يىلى ئەتىيازدا قۇيرۇق يېغىنى كېسىپ ئېلىۋېلىپ، قۇيرۇقنى يەنە ياماپ قويىدۇ؛ كېسىپ ئېلىۋەتمىسە چىڭقىلىپ ئۆلۈپ قالىدىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، غەربىي دىياردا خۇددى ئېشەككە ئوخشاش يوغان قوي بار ئىكەن، يەرلىك ئادەملەر ئۇنىڭ ياغلىرىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە ياغ يىغىلىدىكەن.

غەربىي دىياردا «يەردىن ئۈنۈپ چىقىدىغان قوي»مۇ بار ئىكەن. لىۋ يۈنىڭ غەربىي دىيارغا ئەلچىلىك قىلىپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، غەربىي دىياردا «يەردىن ئۈنۈپ چىقىدىغان قوي» بار ئىكەن، قوينىڭ كىندىكىنى تۇپىغا كۆمۈپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ تۇرسا، ھېلىقى كىندىك گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى چىققان ھامان يەر بىلەن تۇتىشىپ ئۆسىدىكەن؛ ئىككى كالتەكنى بىر ـ بىرىگە ئۇرسا، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ، كىندىكى ئۈزۈلۈپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ ئوتلايدىكەن، كۈز ۋاقتىدا يېيىشكە بولىدىكەن، كىندىكىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلۇقى بار ئىكەن. يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، غەربىي دىياردىكى تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىقىدىغان قوينىڭ پاقالچەك سۆڭىكىنى تۇپىغا پاتۇرۇپ قويسا، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شۇ سۆڭەكتىن قوزا تۇغۇلىدىكەن، ئات يورغىلىتىپ چۆچۈتسە، كىندىكى ئۈزۈلىدىكەن. يەنە رىۋايەتتە، شىمال قەبىلىلىرى قوينىڭ مۈڭگۈزىنى تۇپىغا كۆمۈپ ئۈندۈرىدىكەن، شۇڭا ئۇ قويلارنىڭ گۆشى سېمىز ھەم شېرىن بولىدىكەن.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ قايسىسى توغرا، قادىر ئاللانىڭ كارامەت سىرلىرىنى بىلىپ بولمايدۇ.

«دورا ـ دەرمەكلەر دەستۇرى»دە يۇقىرىدىكى بايانلاردىن باشقا، قوي گۆشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرى-

سىدا يەنە مۇنداق بايانلارمۇ ئۇچرايدۇ:

قوي گۆشى ھۆل ئىسسىق، بەدەنگە ئىسسىقلىق
بېرىدۇ، قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، بولۇپمۇ بورداق قوينىڭ
سېمىز گۆشىنى ھوردا پىشۇرۇپ يېسە، سۇدا شورپا قى-
لىپ پىشۇرۇپ يېسە، شورپىسىنى ئىچسە، تۇغۇتتا ئا-
جىزلاپ قالغان ئاياللارغا ئاجايىپ شىپا بولىدۇ. سۆي
خاندانلىق ئوردىسىنىڭ غوجدارىغا سوغۇق تېگىپ،
ئولتۇرسا قوپالماس، قوپسا ئولتۇرالماس بولۇپ قالغا-
نىكەن. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوردا تېۋىپى
تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بورداق قوينىڭ سېمىز گۆشىنى پى-
شۇرۇپ، دورا بىلەن بىللە يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ
تېشىدىن ئىچىگە ئۆتۈپ دەرد قىلغان كېسىلى سەللىمازا
بولۇپ ساقىيىپتۇ ... بورداق قوينىڭ سېمىز گۆشى سو-
غۇق ئەگگىز بولغان، پۇت - قولىدا ماغدۇرى قالمى-
غان، قورسىقى غولدۇرلاپ ئاغرىيدىغان، ئاياللار خۇن-
سىرايدىغان، ئەرلەرنىڭ ئەرەنلىكى ئاجىزلاپ كەتكەن،
ئاشقازان تالىنىڭ خىزمىتى سۇسلاپ قالغان، يۈز - كۆز
ئىششىپ قالغان ... كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئىسسىق
چىرماپ كەتكەن ئادەملەر ياغلىق گۆشنى ئاز يېگىنى
ياخشى. ئىچى ئۆتكەن، سوڭكى چىقىپ قالغان كېسەللەر-
گە، قورساق تولغاپ - سانچىپ ئاغرىيدىغان كېسەللەر-
گە، ئېغىز قۇرۇيدىغان، ماغدۇرسىزلىنىپ قالغان كېسەل-
لەرگە ھەتتا قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى خام ھالىتىدە دو-
رىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ ...

ئەمدى تارىخ، ئەنئەنە، ئۇدۇملاردىكى خاتىرىلەرنى
قىسقارتىپ، بورداق قوي، سېمىز گۆشنىڭ رېئال تۇرمۇ-
شىمىزدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى.

بىز شىنجاڭ خەلقى قوينى ياخشى كۆرىمىز، قوي
گۆشىگە خۇمار، چۈنكى شىنجاڭنىڭ قويلىرى تەڭرىتاغلى-
رىنىڭ شىمالىدا قۇۋۋەتلىك ئوزۇق تەركىبى مول تاغ
سۇلىرىنى ئىچىدۇ، دورىلىق تەركىبى بار ئوت - چۆپلەرنى
يەيدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، تارىم ۋادىسىدا تۇزغا
تويۇنغان تەملىك ئوت - چۆپلىرى بار بوستانلاردا ئوت-
لايدۇ، شۇڭا گۆشى شېرىن بولىدۇ، غەلىتە پۇراق بول-
مايدۇ. تائامنىڭ تەمىنى ئوبدان بىلىدىغان تائام مۇتە-
خەسسىسلىرىدىن بىرىنىڭ باھالىشىچە، گۆشنىڭ تەبىئىتى
ۋە شېرىنلىكى جەھەتتە شىنجاڭ قويىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدى-
غىنى يوق ئىكەن. ياز كۈنلىرى تومۇز ئىسسىقى قايناپ
تۇرغان چاغلاردىمۇ ئۈرۈمچىدىكى بەزى مېھمانسارايلار-
دا، رېستورانلاردا كىشىلەرنىڭ «يەل قازان»نى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن چېكىلىرىدىن تامچىپ تۇرغان
تەرلىرىنى سۈرتۈپ، بىر قولى بىلەن قازاندا قايناپ تۇر-
غان سېمىز گۆشلەرنى چوكىدا قىسىپ، سۇزگۈچ قوشۇقتا
سۇزۇپ ئېلىپ، ھۇزۇر بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.
خەنزۇ ئۇقۇمىدىكى «يەل قازان شورپىسى» دېمەك
ئۇيغۇر ئۇقۇمىدىكى «سېمىز گۆش شورپىسى» دېمەكتۇر.
ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا رېستوران، ئاشخانىلارنىڭ «بورداق
قوي»نىڭ رەسىمىنى بەلگە قىلىپ ۋىۋىسكا ئاسقانلىرىنى
كۆپ ئۇچرىتىمىز.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئىككى يىل
ئىلگىرى شىنجاڭدا «سېمىز پاقلان» دېگەن نام بىلەن
ئومۇملىشىشقا باشلىغان مېھمانسارايىنىڭ ئاساسىي تىجارى-
تى مەخسۇس بورداق قوينىڭ سېمىز گۆشىنى ئاچچىق -
چۈچۈك ۋە قاڭسىق تەمدە شورپىلىق پىشۇرۇپ سېتىش
ئىكەن. دەسلەپتە ئىچكى موڭغۇلنىڭ باۋتو شەھىرىدە
بارلىققا كەلگەن ھەم يېمەكلىكنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان،
ھەم رېستوران - مېھمانسارايىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان
«سېمىز پاقلان»نىڭ ھازىر مەملىكەتنىڭ ھەممە شەھەر-
لىرىدە دېگۈدەك تارماقلىرى بار ئىكەن، شىنجاڭدا 21
شەھەردە 30غا يېقىن شۆبىسى بار ئىكەن. ئىچكى موڭغۇل
«سېمىز پاقلىنى»نىڭ شۇنچە راۋاج تاپالىشىنىڭ سىرى
نېمە؟ ئۈرۈمچى شەھىرى تەنتەربىيە سارىيى كوچىسىدىكى
«سېمىز پاقلان» رېستورانىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە،
«سېمىز پاقلان» رېستورانىنىڭ خام ئەشياسى ھەقىقىي
جىلىڭ ئىكەن، خۇرۇچلىرى خىل ئىكەن، پىشۇرۇش ھۈنى-
رى ئالاھىدە ئىكەن، تەمى يېگەنلەرنىڭ ئاغزىدا قالىدى-
كەن. شۇڭا ئارزۇلاپ كېلىدىغان خېرىدار كۆپ ئىكەن ...

ئومۇمەن ئالغاندا، ئوخشاشلا «بورداق قوي»،
ئوخشاشلا «سېمىز گۆش»، لېكىن تەبىئىتى، شېرىنلىكى
جەھەتتە باشقا ھەممە يەرنى «بېسىپ چۈشىدۇ»غان،
باشقا خەلقلەر «ھەممىدىن ياخشى» كۆرىدىغان شىنجاڭ
بورداق قويى، سېمىز گۆشى بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ داستى-
خانلىرىمىزدا سۆڭەك قاتارىدا تاشلىنىپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا
ھەيرانىمەن!

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# ئۆتمۈشىمىزنىڭ يارقىن خاتىرىسى

(ئەسەت سۇلايمانىنىڭ «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»نى ئوقۇپ)

قۇربان ئابلىمىت

بۈگۈن ئۆچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان دەقىقىلەر ئىچىدە تۇرۇپ تارىخقا نەزەر تاشلىساق، خەلقىمىزنىڭ جەسۇرلۇق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆمۈلمەس تارىخلارنى ياراتقانلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تېمپېرامېنتى (تۇغما مىجەز)دىكى باتۇرلۇق تۇتېم دەۋرىدىن باشلاپلا ئايان بولۇشقا باشلىغان. تۇتېم بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر بىر خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»نى ئوقۇغان چېغىمىزدا بۇ خىل ھېسسىي چۈشەنچىلەر تەسەۋۋۇر ئەينىكىمىزنى چەكمەي قالمايدۇ.

تۇتېم بىر خىل مەنىۋى كۈچ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بەخش ئېتىدىغىنى ئۆز مەنىۋىيىتىنى تەسەللى تاپقۇزۇشتۇر. شۇنداقلا، گۈزەللىك ۋە ئۆتمۈش تارىخنى يارىتىشتۇر. بىراق، ئۆتمۈشنىڭ ھەممىسى تارىخ بولۇۋەرمەيدۇ. تارىخ پەقەت ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ يارقىن خاتىرىسى.

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۇتېم بىر خىل بەلگە، ئىنسان مەنىۋىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان مەۋھۇملۇق ئىچىدىكى پىنھان بارلىق، شەكىلگە كىرگۈزۈپ قارىغىلى بولمايدىغان سۇبيېكتىپ ئوبراز. بۇلارنى دېيىشتىكى مەقسەت ئىلاھچانلىقنى كۈچەپ تەكىتلەش بولماستىن مەنىۋىيەتتىكى يوشۇرۇن ئاجىزلىقنى تونۇپ، ئۆزىمىزگە خاس ئېتىقاد يۈكسەكلىكىنى تىكلەشكە چاقىرىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا تۇتېم تارىخى ھەققىدە ئويلىنىش، ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

كىتابتا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، ئىنددىئان قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقىدەك، بۆرە تۇتېمىنىڭ دۇنياۋىلىق تەسىرى ناھايىتى ئىسپاتلىق ھالدا روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇتېم ئىنسانىيەتكە تۇنجى قېتىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. تۇتېم بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياشاش، ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش، ئىنسان ئۇلۇغلىقىنى بىلىش ھەققىدىكى چاقىرىقنىڭ مۇقەددىمىسى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن «مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى» ناملىق ماقالىسىدا: «تارىخ مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزى ھەققىدە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئويلىنىپ خۇلاسە چىقىرىشىنىڭ سان ـ ساناقسىز جەريانىدىن ئىبارەت» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمدىلىكتە بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقنى «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»دىن كۆرۈۋالدۇق.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلدى ھەمدە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆزلەشتۇردى. 21 ـ ئەسىر ھارپىسىدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ئىزدەشنىڭ باياۋانىدا ئۇنتۇلغان تۇتېم روھى قايتا ئېسىمىزگە كەلدى، شۇنداقلا راستىنلا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدۇق. ئەپسانە، رىۋايەتلىرىمىز قايتا تىرىلدى، تارىخنى ئەسلەش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. تراگېدىيە سەزگۈسىدە تۇرۇپ ئۇنتۇلغان نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىپ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا كىرىشتۇق. كېيىنكى ئەۋلادلار ھەققىدە باش قاتۇردۇق، بىز ئۆلگەندىن كېيىن دۇنيانىڭ بىز بىلەن تەڭ غايىب بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇق، كەلگۈسىنىڭمۇ تا-

رىخقا ئايلىنىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدۇق.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، تۇتېم خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تارىخى ۋە قەھرىمانلىق تارىخى، روھىي كۈچىنىڭ ھاسىلاتى. «ھەرقانداق نەرسە ئاخىرقى چەككە يەتكەندە ئەكسىگە قاراپ ماڭىدۇ» دېگەندەك، بىز ئەمدى ئۆزىمىزنى ئىزدەشكە كىرىشتۇق.

ئىنسانىيەت ئۈچۈر تورى ئارقىلىق يەرشارىلىشىشقا قاراپ ماڭغان بۈگۈنكى كۈندە بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىنغان چاقىرىقلار روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، گۇمانىي تۇيغۇلىرىمىزنى سەگىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى بىر قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقىشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بەلكى بىر قىسىم دۇنياۋى رېكورتلىرىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ئويغىنىشنىڭ ئىپتىدائىي بىخى بولۇشى مۇمكىن.

«ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»دە قەيت قىلىنغاندەك «تۇتېمىزم بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۆچمەس تامغىلارنى باسقان ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان». ھەممىگە ئايانكى، قۇياش ئەتراپىدا يەر شارى ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىدا ئايلىنىدۇ. ئېللىپس شەكىل جەھەتتىن تۇخۇمغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. تۇخۇم يېڭى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى. دېمەك، يەرشارىدىكى بارلىق ئىنسانلار قان - قېرىنداش. لېكىن، رايون چەكلىمىلىكىدىكى بۇ خىل قېرىنداشلىق رىقابەتنى شەكىللەندۇردى. ئەنئەنىمىزنى زامانىۋى ئېڭىمىز بىلەن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدۇق.

دېمەك، «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»نى ئوقۇپ ئىپتىدائىي تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى جىپسىلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلساق دۇنياۋىلىقنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا ئۈمىدلىرىنى كەتمەن بىلەن ئانا تۇپراققا تېرىۋاتقان ئۇلۇغۋار دېھقان ئاتىلارغا ئوخشاش بۈگۈنىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرىدا بالدۇرراق كۆكلەشكە تىرىشايلى.

ئاپتور: (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

# شەھەرلىكلەر ۋە يېزىلىقلار

شەھەرلىكلەر يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىغا، قۇۋۋىتىگە، تەم، پۇراق، رەڭگىنىڭ تولۇق بولۇشىغا قاراپلا قالماستىن، ئورۇقلىتىش رولىنىڭ بار - يوقلۇقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. يېزىلىقلار يېمەكلىكنىڭ يېڭى - يېڭى، تەملىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ساغلام بولۇشنىلا ئويلايدۇ.

شەھەرلىكلەر شەھەردىكى تۈرلۈك ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

يېزىلىقلار دائىم ئۈچار - قاناتلار، خىلمۇخىل ھايۋانلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

شەھەرلىكلەر ئوغۇل تۇغسا ھەم خۇش بولىدۇ، ھەم غەمگە چۆمىدۇ. چۈنكى كەلگۈسىدە ئۇنى ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقىدۇ.

يېزىلىقلار ئوغۇل تۇغسا خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆڭلىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە كۈزلۈك يىغىمدا ياخشى ياردەمچىگە ئېرىشتىم، دەپ ئويلايدۇ.

شەھەردە ئېسىل تىياتىرخانىلار بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈرمەنلەر ئاز بولىدۇ. يېزىلىقلار داق يەردە ئولتۇرۇپ، ئاسماننى ئۆگزە قىلسىمۇ، ئويۇن كۆرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

شەھەرلىكلەر ناھايىتى سىلىق گەپ قىلىدۇ.

يېزىلىقلار گەپ ئەگىتمەيدۇ، راست گەپ قىلىدۇ.

شەھەرلىكلەر قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئانچە بېرىش - كېلىش قىلىپ كەتمەيدۇ.

يېزىلىقلار قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئۇ چەتتىن بۇ چەتكىچە بېرىش - كېلىش قىلىدۇ. ئارىلاشقانسېرى تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ.

شەھەرلىكلەر ئارام كۈنلىرى يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ.

يېزىلىقلار دېھقانچىلىقتىن بوشانسا، شەھەرگە كىرىپ شەھەردىكى يېڭىلىقلارنى كۆرگەچ، نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدۇ.

داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# تارىخ، ئۇ بىر ماياكتۇر

2003.2

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا «يېڭى خەلق ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دا مۇخبىرنىڭ شاڭخەي شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى شۇ ۋاڭدىنى مەخسۇس زىيارەت قىلغان زىيارەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارىخقا ئائىت كىتابلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «مەن نۇقتىلىق قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى زامانىسىدىكى گۈللەنگەن دەۋردىن باشلاپ تاكى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان بۇ بىر باسقۇچلۇق تارىخقا ئائىت كىتابلارنى كۆپرەك كۆرىمەن، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن چېكىنىپ كەتكەنلىكىگە ئالاقىدار تارىخنى بەكرەك كۆرىمەن، بۇ تارىخ بىزنى ھەرقاچان ئويغىتىپ تۇرىدۇ.» دەپتۇ.

توغرا، تارىخ كىشىنىڭ ئەقلىنى ئاچىدۇ.

شۇ ئەپەندىنىڭ كاڭشى گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان بۇ بىر باسقۇچلۇق تارىخنى تاللاپ ئوقۇشى تېخىمۇ رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گەرچە 5000 يىللىق ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تارىخى، گۈللىنىپ جاھانغا تونۇلغان دەۋرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق سۇلالىلەرنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدىكى گۈللەنگەن دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. پەقەت چىڭ سۇلالىسىلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە غايەت زور ئىمپېرىيە تېررىتورىيىسىنى ئاتا قىلالىغان. 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان چەت ئەللەرگە بۆلۈپ بەرگەن زېمىنى ھېسابلىمىغان تەقدىردىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، جۇڭگو زېمىن دائىرىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بار بولغان تېررىتورىيە دائىرىسىدىن كۆپ چوڭ ئىدى. نوپۇسنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىدىن كۆرگەندىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدىكى گۈللىنىشىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مىڭ ۋەنلىنىڭ 1578 ـ يىلى جۇڭگونىڭ نوپۇسى 60 مىليون 690 مىڭ ئىدى، 1912 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندا نوپۇسى 400 مىليون 581 مىڭغا يەتكەن. دېمەك، 227 يىلدا جۇڭگودا 300 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس كۆپەيگەن.

بىراق، نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ، قۇدرەتلىك ئىمپې-

رىيە يەنە توساتتىن يىمىرىلىپ كېتىدۇ؟ ئاساسلىق سەۋەب
شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بولۇپ-
مۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مەزگىللەردىكى ھۆكۈمرانلار ئۆ-
زىنى چوڭ تۇتۇپ، ھاكاۋۇرلىشىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى
تاقىۋېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئۇنتۇلمىدى، كەيپ - ساپاغا بېرى-
لىپ، ئىسلاھات ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى رەت
قىلغانلىقىدىندۇر.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا
قىتئەسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر سانائەت ئىنقىلابىنىڭ
تەسىرى بىلەن ئۆزلىرىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگە-
رىش ياساپ، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ قەدەم تاشلىدى.
ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيەمۇ جۇڭگو بىلەن ئوخشاش قالاق
فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ھۆكۈمرانلىرى 1868 - يىلىدىكى مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش
ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ،
ناھايىتى تېزلا سانائەتتە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆ-
لەت قۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما، بۈيۈك چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولسا، يەنىلا ئاكاڭ قارىغاي
جاھاندا بىر، دەپ ئۆزىنىڭ شېرىن چۈشلىرىدىن مەست
بولۇپ يۈرۈۋەردى. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ۋە يېڭى تېخنىكا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشنى رەت
قىلدى. چەت ئەل جاھانگىرلىكى جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن
كۆرۈپ باقمىغان توپ - زەمبىرەكلىرى بىلەن دۆلەت
دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىنمۇ، ھۆكۈمرانلار يەنىلا
ئويغانماي، ئۆزىنىڭ كونا كۆز قاراش، كونا ئەھكاملىرىنى
جاھىللارچە داۋاملاشتۇرۇپ، كونا، قالاق قورال - ساي-
مانلىرىغا تايىنىپ تىركىشىپ كەلدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى
قوشۇنلىرى خادا قىلىپ، شەرمەندىلەرچە قېچىش ۋە ئاخى-
رىدا مۇنقەرز بولۇپ تۈگەش بولدى. بۇنىڭ بىلەن
ئىشىكنى ئاچمىسىمۇ ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى ھۆكۈمرانى بولغان نارا (سىشى تەيخۇ)، چەت
ئەلنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئاجىزلارچە تاقابىل تۇرۇۋاتقان
پەيتتە، ئۆزىنى يەنە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيە-
دىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ لاپ ئۇرۇپ، ئەنگلىيىلىكلەر
بىرەر سىياسەت يۈرگۈزمەكچى ياكى بىرەر پىلان تۈز-
مەكچى بولسا، چوقۇم ئىچكى كابىنېت قارار قىلىپ، دۆلەت
مەجلىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزىدىكەن، مەن بولسام
باش ۋەزىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ
تاشلاش ياكى ئۆلتۈرۈش ئىشىنىمۇ ئۆزۈم بىلىپ قىلىۋې-
رىمەن، دەپ قارىغان. ئۇ گۇاڭشۇ خانىنىڭ ئىسلاھاتىنى
رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ تار
مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، قولىغا قىلىچ، نەيزى-
لەرنى تۇتقۇزۇپ، قارىغۇلارچە چەتكە قېقىلغان يىخىتۇەن
تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى، چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلار
ۋە جۇڭگولۇق خرىستىئان مۇرىتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە
قىرغىنغا سېلىپ، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ
تاجاۋۇز قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئارقىدىن يەنە
يىخىتۇەن قوشۇنىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ توپ - زەمبى-
رەكلىرىگە ناھەق يەم قىلىپ بېرىپ، ئۆزى بولسا قېچىپ
جېنىنى ياقىغا ئالغان . ئەڭ ئاخىرىدا يەنە چەت ئەللىك-
لەرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يېلىنىشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ
جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ھاقارەتلىك دەۋر!

تارىخ، ئۇ بىر يول كۆرسەتكۈچ ماياك. ئەمما، تارىخ
ئوقۇغان سىياسىيونلاردا مۇنداق ئىككى خىل نەتىجە كې-
لىپ چىقىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇلار تارىختا ئۆتكەن خان -
پادىشاھلاردىن ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ،
ۋەھشىيلىكتە ھەددىدىن ئاشىدۇ، ھاكىم - مۇتلەق مۇستە-
بىت تۈزۈلمىنى يۈرگۈزىدۇ. يەنە بىرسى، تارىختا ئۆتكەن
ئاز ساندىكى ئوچۇق - يورۇق خان - پادىشاھلارنىڭ
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ئۈزلۈكسىز
ئىسلاھات ۋە يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ شان -
شەرىپى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن غەيرەتكە
كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشقانلىقىدەك ئىش -
ئىزلىرىدىن ئۆگىنىدۇ. ئۆتمۈشتىكى خان - پادىشاھلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئالدىنقى يولدا ماڭغان، كېيىنكى يولدا ماڭ-
غانلار ناھايىتى ئاز. بۇمۇ بەلكىم جۇڭگونىڭ 20 نەچچە
يىل ئىلگىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىشنى
باشلىغانغا قەدەر ئۇزاق مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرۇپ
قېلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

ئۆتكەن 100 يىلدا بىز ھەمىشە تارىختىكى بۇ يول
كۆرسەتكۈچ چىراغلارغا قارىمىدۇق، تارىختىن ساۋاق
ئالمىدۇق، نىشاندا خاتالاشقانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان ئېسىل
تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇش بىلەن

بىللە يەنە ئۆزىمىزگە بىرمۇنچە تارىخىي ئازاب تېپىۋالدۇق. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن تۈركىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاسىيا دۆلىتىنىڭ ماڭغان ئىككى خىل يولى بىزگە چوڭقۇر بىر دەرسلىك بولالايدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تۈركىيە بۈيۈك ئوسمان ئىمپېرىيىسى نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ خۇددى مەڭگۈ ئۆچمەس ۋولقاندەك، پۈتكۈل ياۋروپاغا قورقۇنچلۇق تەھدىت بولۇپ كەلگەنىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى تۈركىيىنى مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەت قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە ئەسلىدىكى 5 / 4 قىسىم زېمىندىن ئايرىلىپ قالدى. ئاي - يۇلتۇزلۇق تۈرك بايرىقى ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن شىددەت بىلەن چېكىنىشكە باشلىدى.

ۋەھالەنكى، تۈركىيىلىكلەر ناھايىتى ئامەتلىك خەلق بولۇپ، 1920 - يىلى 4 - ئايدا ئىتتىپاق تۈزگەن دۆلەتلەر ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولغان زېمىنلارنى، شۇنداقلا ئەسلى تۈركىيە زېمىنىنى بۆلۈۋالماقچى بولغاندا، تۈركىيىنىڭ مىللىي قەھرىمانى مۇستافا كامال ئەنقەرەدە بۈيۈك مىللىي كېڭەشنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ھاقارەتكە قارشى «سىفول شەرتنامىسى»نى تۈزدى. ئاندىن قوشۇن چىقىرىپ گرېكلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چېكىندۈردى ھەمدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 600 يىلغا سوزۇلغان سىياسى بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن، مۇستافا كامال دەرھال تۈركىيە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 1923 - يىلدىن 1938 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇستافا كامال دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى زامان تۈركىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

بىز ئەمدى قايتىپ كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى رەت قىلغانلىقىمىزغا قاراپ باقايلى، بىز قانچىلىك ئەگرى - توقايلىقلاردا ماڭدۇق؟ تاكى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئۆتمۈشىمىزگە قاراپ بېقىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولىغا قاراپ ماڭدۇق. ئاخىر ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھالاكەتلىك تەقدىردىن ئاستا - ئاستا ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىدىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا كىردۇق. بۇ بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش!

(جاڭ جېنچياڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

**ئابدۇلھەكىم ھەقيار تەرجىمىسى**

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

## ئاقىللار نېمە دەيدۇ؟

△ كىمكى ئۆلۈمدىن قاچسا، ئۆلۈم شۇنىڭغا يېپىشىدۇ.

**—مەھمۇد قەشقىرى**

△ قايغۇ - ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

**—ئابدۇقادىر ئەزىزى**

△ ئادەم ئۆلىدۇ، سۆزى قالىدۇ، ئۆزى كەتسىمۇ نامى قالىدۇ.

**—يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

△ چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مېھنىتى پايدىسىز مېھنەتتۇر.

**—ئەبۇنەسىر فارابى**

△ ساخاۋەت قۇياشىنىڭ نۇرى، ئۇ ئۆلۈك تەنلەرگە جان ئاتا قىلىدۇ.

**—ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى**

△ تەمەخور بولما، تەمەگە ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر.

**—ئەھمەت يۈكنەكى**

△ كىمكى يالغانچى بولسا، يالغانچىلىق ئۇنىڭ رىسقىنى كېمەيتىدۇ.

△ ئەدەپلىك بولۇش ئالىم بولغانغا باراۋەر.

△ كۆپ سۆزلىگۈچى ئىززىتىدىن ئايرىلار.

△ 100 يىل ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ، ئىزدىنىشتىن توختىما.

△ توغرا ئىش قىلغان كىشى ئەندىشىدىن خالىي بولىدۇ.

**—مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى**

توپلىغۇچى: كېرەمجان ساتتار

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# پەرىشتىنىڭ كۆزى





ئىككى پەرىشتە پانىي دۇنياغا ساھايەت قىلغىلى كەپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر باي ئائىلىگە قونغىلى چۈشۈپتۇ. خوجايىن ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىچە ئۇستىۋىشى، چاڭ ـ توزان باسقان تۇرقىغا قاراپ تەرىنى تۇرۇپ، ئۇلارغا هاردۇق ئېلىشمۇ بەرمەستىن، بىر سوغۇق گەمىگە باشلاپ مىزى چىقىپ كەتكەن ئەسكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يېپىنچاقلىشىغا تاشلاپ بېرىپتۇ.

ياش پەرىشتە خوجايىننىڭ بېخىللىقىغا قورسىقى كۆيۈپ كۆڭلىدە: «خەپ توختاپتۇر، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان سەندەك خوجايىننى جوقۇم كېلىشتۇرۇپ جازالىمساق ھېساب ئەمەس!» دەپ ئويلاپتۇ. ياشانغان پەرىشتە بولسا، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ياتىدىغانغا ئورۇن راسلاپ، ئۇخلاشقا تەرەددۇتلىنىپتۇ. ئۇ ئەمدى كۆز يۇماي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزى گەمە تېمىنىڭ تېشىلىپ قالغان يېرىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا تۆشۈكنى ئېتىۋېتىپتۇ.

ياش پەرىشتە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

—ئەجەب ئاق كۆڭۈلكەنسىز، ئۇ بىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتسىمۇ، سىز يەنە ئۇنىڭ تۆشۈك تېمىنى ئېتىپ قويۇۋاتىسىز، — دەپتۇ.

ياشانغان پەرىشتە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ:

—بەزى ئىشلار سەن ئويلىغاندەك بولمايدۇ،—دەپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ناھايىتى نامرات بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە قونغىلى چۈشۈپتۇ. بۇ ئۆيدىكىلەر ھېلىقى خوجايىننىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىغا قارىماستىن ئۆيدىكى ئازغىنە يېمەكلىكنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىللىق چىراي بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. تۆشۈكنى پەرىشتىلەرگە بېرىپ، ئۆزى داق يەرگە ئورۇن سېلىپ يېتىپتۇ. ئىككى پەرىشتە ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ، دېھقان بىلەن خوتۇنىنىڭ ھەسرەت چېكىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تىرىكچىلىك مەنبەيى بولغان سىغىن كالىسى ئۆلۈپ قالغانىكەن.

ياش پەرىشتە ئۇلارغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ، ياشانغان پەرىشتىدىن بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ زىيىنىنى تولەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما ياشانغان پەرىشتە ئۇلارغا ئاغرىنىڭ ئۇچىدا بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى بېرىپلا يولغا راۋان بوپتۇ. ياش پەرىشتە بۇ ئىشلارغا نارازى بولۇپ، ياشانغان پەرىشتىدىن: بىرىنچى ئۆيدىكىلەر باي تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىگە بېخىللىق قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، يەنە ئۇلارنىڭ تۆشۈك تېمىنى ئېتىپ قويغانلىقىنى؛ ئىككىنچى ئۆيدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىغا قارىماي ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قازانى كۆتۈرۈۋېتىشكە قۇربىتى يېتىپ تۇرۇپ، توسۇپ قالمىغانلىقىنىڭ ۋەجىنى سوراپتۇ.

—بالام، بەزى ئىشلار سەن ئويلىغاندەك بولمايدۇ، بىز بىرىنچى كۈنى كەچتە گەمىدە تۇنىگەندە مەن تامنىڭ تۆشۈكىدىن، بۇ تامنىڭ قېتىغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆردۈم. ھېلىقى خوجايىن مال ـ دۇنيانى جىنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، نامراتلارغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىكەن. شۇڭا مەن بۇ بايلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇشىنى راۋا كۆرمەي، ئۇنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تامنىڭ تۆشۈكىنى ئېتىۋەتتىم. ئەمدى دېھقاننىڭ ئىشىغا كەلسەك، تۈنۈگۈن ئاخشام ئەزرائىل دېھقاننىڭ ئاق كۆڭۈل خوتۇنىنى چاقىرغىلى كېلىۋىدى، مەن قازانى ئۇنىڭ سىغىن كالىسىغا ئالماشتۇرۇۋەتتىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ياش پەرىشتە شۇندىلا بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكىدىن ناھايىتى خىجىل بوپتۇ.

«ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن **غوپۇر قادىر تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت**



# يۇمورلار

### سۈغۇرتىلىنىش

بىر ئەپەندىم خوتۇنىنى سۈغۇرتىلادۇرۇپ بولۇپ، سۈغۇرتا شىركىتىنىڭ بىر خىزمەتچىسىدىن :

ــ مۇبادا خوتۇنۇم بۈگۈن ئاخشام ئۆلۈپ قالسا، قانچىلىك بىر نەرسىگە ئېرىشەلىشىم مۇمكىن؟ــ دەپ سورىغانىكەن، شىركەت خىزمەتچىسى:

ــ تەخمىنەن يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ساتىراشخانا

بىر ئادەم ساتىراشخانىغا كىرىپ ساتىراشقا:

ــ ئۇستام، بېشىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭگىچىلىك كېلىدىغان يەردىكى چاچنى ئېلىۋېتىڭ، ئاندىن سول تەرىپىمنى قىسقا، ئوڭ تەرىپىمنى ئۇزۇنلۇقى قۇلىقىمنى يېپىپ تۇرغۇدەك قىلىپ ياساڭ، يەنە ئۇزۇنلۇقى ئېڭىكىمگە كەلگۈدەك بىر تۇتام كوكۇلا قويۇپ قويۇڭ،ــ دېگەنىكەن. ساتىراش بىر هازا تۇرۇپ كېتىپ:

ــ كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، مەن ئۇنداق قىلالمىغۇدەكمەن،ــ دەپتۇ.

ــ نېمە، قىلالمايمەن؟ ئەمىسە ئالدىنقى قېتىم دۇكىنىڭىزغا كەلگىنىمدە سىز چېچىمنى شۇنداق ياساپ قويۇپتىكەنسىزغۇ؟ دەپتۇ خېرىدار خاپا بولۇپ.

### پاشنا

چىرايلىق بىر قىز ئېگىز پاشنىلىق بىر جۈپ ئاياغنى كۆتۈرۈپ موزدوزنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە:

ــ ئۇستام، بۇ ئاياغنىڭ پاشنىسىنى كېسىپ پاكارلىتىپ بەرگەن بولسىڭىز،ــ دېگەنىكەن، موزدوز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى قىز يەنە موزدوزنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئۇستام، ئالدىنقى قېتىم كېسىپ ئېلىۋەتكەن ئايىغىمنىڭ پاشنىسىنى ئۇلاپ بەرگەن بولسىڭىز،ــ دېيىشىگە موزدوز:

ــ بىردەم كېسىۋېتىڭ دەيسىز، بىردەم ئۇلاپ بېرىڭ دەيسىز، بۇ مېنى ئەخمەق قىلغانلىق بولماي نېمە؟ــ دەپتۇ ئاچچىقلىنىپ.

ــ ئۇستام خاپا بولمىسىلا، تۈنۈگۈن يىگىتىمنى ئالماشتۇرغانىدىم، ئۇنىڭ بويى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ئېگىز ئىكەن، شۇڭا ... دەپتۇ قىز.

### ساقلاش

سېسترا ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى كىچىك بالىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ بىرسىدىن:

ــ سىزنىڭ قەيەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ــ دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

ــ مەن بىر ئەينەك شارچىنى يۇتۇۋالدىم،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سېسترا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يەنە بىر بالىدىن :

ــ ئۇنداقتا سىزنىڭچۇ؟ــ دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى بالا:

ــ ئۇ يۇتۇۋالغان شارچە مېنىڭ ئىدى، مەن شۇنى قاچان چىقاركىن دەپ ساقلاپ ئولتۇرىمەن، ــ دەپتۇ.

### ئىجادىيەت ئوغرىسى

مۇھەررىر:

ــ يىگىت، بۇ شېئىرنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ؟

ئاپتور:

ــ شۇنداق، ھەممە مىسراسىنى ئۆزۈم يازغان.

مۇھەررىر:

ــ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن شېكسپىر ئەپەندى، مەن تېخى سىزنى نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، سىز تېخىچە ھاياتكەنسىز ـ دە!؟ــ دەپتۇ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ.

### ئىككى ئېشەك

جىك ئوغلىنى مەكتەپكە بەرمەكچى بولۇپ، ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن قانچىلىك ئالىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، مۇدىر ئۇنىڭغا:

ــ 20 فرانك ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك،ــ دەپتۇ.

جىك:

ــ نېمانچە جىق؟ مەن 20 فرانكقا بىر ئېشەك سېتىۋالالايمەن،ــ دېگەنىكەن، مەكتەپ مۇدىرى:

ــ ئەگەر 20 فرانك تۆلەشتىن قېچىپ، بالىڭىزنى ئوقۇشسىز قويسىڭىز، ئۇ چاغدا ئىككى ئېشەكلىك بولۇپ قالىسىز، ـ دەپتۇ تەمكىنلىك بىلەن.

### ئويغىنىش

بالىسى:

ــ دادا، ئورنۇڭدىن تۇر!

دادىسى:

ــ ئەمدى ئۇخلىغان تۇرسام، مېنى نېمە دەپ ئويغىتىسەن؟

بالىسى:

ــ دوختۇر سېنى ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىۋالسۇن،ــ دەيدۇ.

### پادىشاھ بىلەن جۇۋازچى

شىكاردىن يانغان پادىشاھ يولدا كېتىۋېتىپ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان بىر كالىنىڭ جۇۋاز سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ جۇۋازچىدىن:

—كالىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ - دەپ سوراپتۇ.

جۇۋازچى:

—كالا ماڭغاندا بويىنىدىكى قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ، ھورۇنلۇق قىلىپ ماڭماي تۇرۇۋالغاندا جىرىڭلىمايدۇ، شۇڭا ئېسىپ قويدۇم، - دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە:

—ناۋادا كالا ماڭماي بىر ئىزىدا تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىۋەرسىچۇ؟ - دەپ سورىغانىكەن، جۇۋازچى:

—كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، مەن تېخى بۇ ياشقا كەلگۈچە سىلى ئېيتقاندەك ئۇنداق ئەقىللىق كالىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## جىددىي ئىش

بالىسى:

—دادا، بىر ئادەم كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان جىددىي ئىشىم بار ئىدى، دەپ مېھمانخانا ئۆيدە سېنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى تۆت سائەت بولدى.

دادىسى:

—ئۇنداق بولسا ئۇ ساقلاۋەرسۇن.

بالىسى:

—بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

دادىسى:

—چۈنكى، ئۇنىڭ جىددىي ئىشى بولسا، مېنى ھەرگىزمۇ تۆت سائەت ساقلىمىغان بولاتتى.

## لاپ ئۇرۇش

: A

—مېنىڭ يېقىندىن بۇيان خاتىرەم بەك ياخشى، كاللامغا كىرگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

: B

—قۇرۇق گەپ، ئەجەب ئالدىنقى قېتىم مەندىن ئۆتنە ئالغان 50 دوللارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭغۇ ئەمەسمە؟

: A

—چۈنكى ئۇ پۇل مېنىڭ كاللامغا ئەمەس، يانچۇقۇمغا كىرگەن - دە!

## تاماق ئۈستىدە

تام بىلەن شىمىس تاماقلانماقچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرسا، مۇلازىم مايدا قورۇلغان بىرى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى پارچە كالا گۆشىنى تەخسە بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. تامنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەچكە، تۈزۈت قىلمايلا چوڭراق گۆشنى ئېلىپ يېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، شىمىسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

—سەن نېمانچە ئەدەپسىز، چوڭىنى ئۆزۈڭ ئېلىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ - دەپتۇ.

—مۇبادا سەن باشتا ئالغان بولساڭ، قايسىسىنى ئالاتتىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ تام.

—ئەلۋەتتە كىچىكىنى ئالاتتىم، - دەپتۇ شىمىس.

—ئۇنداقتا نېمىگە غىڭشىيسەن، كىچىكى تەخسىدە تۇرمامدۇ؟ - دەپتۇ تاممۇ بوش كەلمەي.

## چۆمۈلۈشكە بولمايدۇ

قىرغاقتا بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغان بىرەيلەن يېشىنىپ چۆمۈلەيلى دەپ تۇرغان قىزلارغا :

—بۇ يەردە سۇ چۆمۈلۈشكە بولمايدۇ! - دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ھېلىقى قىزلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

—ئۇنداق بولسا نېمىشقا بىز بايا كىيىم يەڭگۈشلەۋاتقاندا شۇنداق دېمەيسىز؟ - دەپ غۇدىراپتۇ.

خېنىملار، چۈنكى بۇ يەردە سۇ ئۈزۈش چەكلەنگەن بىلەن، كىيىم ئالماشتۇرۇش چەكلەنمىگەن - دە! — دەپتۇ بېلىقچى.

## تەجرىبە

بىر يولۇچىنى سوقۇۋەتكەن شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆزىنى ئاقلاپ:

—ئېھتىيات قىلسىڭىز بولمامتى؟ بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، مەن دېگەن يەتتە يىل ماشىنا ھەيدىگەن تەجرىبىلىك شوپۇر، ئەزەلدىن ھادىسە چىقىرىپ باقمىغان، دېگەنىكەن.

—كەچۈرۈڭ، مەنمۇ يېڭىياچە ئەمەس، بۇ يولدا ساقسالامەت مېڭىپ كېلىۋاتقىنىمغا توپتوغرا 56 يىل—بولدى، دەپتۇ يولۇچىمۇ بوش كەلمەي.

## بوۋاق باللار

:A

—ئەپەندىم، سىلەرنىڭ بۇ يېزىدا ئۇلۇغ كىشىلەر تۇغۇلۇپ باققانمۇ؟

:B

—كەچۈرسىز بۇرادەر، بىزنىڭ بۇ يەردە تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسىساپلا بوۋاق باللار، ئۇنداق ئادەم تۇغۇلۇپ باقمىدى.

## ئاپتوبۇستا

كوچا ئاپتوبۇسىدا مودا كىيىم كىيگەن بىر قىز ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر مۆتىۋەر كىشىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋاپتۇ.

—كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇ يەردە پۇتۇم بارلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ -دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ئاغرىققا چىدىيالماي.

—پۇتىڭىز ئايىقىڭىزنىڭ ئىچىدە تۇرسا، مەن قانداق كۆرىمەن؟ - دەپتۇ قىز.

## پال سالدۇرۇش

پالچى:

—ئەپەندىم، پال سالدۇرۇپ بولۇپ، پۇل بەرمەي ماڭغىنىڭىز نېمىسى؟

خېرىدار:

—ئەجەبا سىز پالچى تۇرۇپ ، يېنىمدا بىر سېنتمۇ پۇل يوقلۇقىنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن

# ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىلەردە

تتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا
يىنىڭ ئارتىسى پائۇل بېلموندو رول ئالغان «لە-
ن ئىز قوغلاش» ناملىق بىر كىنو فىلىمىنى كۆرگەن
ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ
ئەمما، ئۇنىڭدىكى بىر كۆرۈنۈش 40 يىلدىن بۇيان
ئېسىمدىن چىقمىدى.
سىمدە بۇزۇق ئەبلەخلەر پائۇلنى قوغلاپ بىر ئېگىز
ئۈستىگە چىقىدۇ، پائۇلنىڭ قېچىش يولى ئۈزۈلە-
ياتى ئىنتايىن جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغان شۇ
ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ، بىنانىڭ لېۋىدە
بىر بېنزىن تۇڭىنى پەسكە ئىتتىرىۋېتىدۇ ـ دە،
بىلەن تەڭلا قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرايدۇ،
ۆزى بىر تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالىدۇ.
چاغدا بۇزۇق ئەبلەخلەر تېخى پائۇلنىڭ ئارقىسى-
غلاپ چىقىۋاتاتتى، ئۇلار پائۇلنىڭ قورقۇنچلۇق
ارقىرىغان ئاۋازىنى ھەم پەستىن چىققان قاتتىق
ئاڭلاپ، ئۇگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ قارىشىدۇ، ئېگىز
ىك بىنانىڭ ئاستىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىن-
رۇلۇشنىڭ ئۈستىدە بىر تۆشۈك تۇراتتى ھەم ئۇ
ى چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇلار پائۇل
تز ساق قالمىدى، دېيىشىپ، خۇشاللىقتىن قاتتىق
سىدۇ، ئاندىن بىنادىن چۈشۈپ كېتىدۇ.
ئىش بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى بىر پاجىئەنى ئېسىمگە
ى. بۇ يىل يىل بېشىدا ياۋروپادا ئارقا ـ ئارقىدىن
ـ شۈركۈرغانلىق قار ياغدى. شۋېتسارىيەدىكى بىر قار
ش مەيدانىدا بىر توپ كىشىلەر قار تېيىلىپ يۇقىرد-
پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت قار كۆچتى. ئون
ـە ئادەم قېلىن قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى، بۇلار
ـە پەقەت بىر ئاياللا ھايات قالدى. قېچىشقا ھېچ-
ـ ئامال قالمىغان شارائىتتا، ئۇ ئايال چاڭغىسىنى
ـ كۈچى بىلەن تىك كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالدى. قار
ۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇتقۇزۇشقا كەلگەن
ـر ئايىئاق قارلىق دالىدا بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالمە-
دى، پەقەت بىر چاڭغىنىڭ ئۇچى قاردىن ئازراقلا چىقىپ تۇراتتى.

كىشىلەر چاڭغىنى كولاپ ئالغاندا ئايالنى كۆردى، ئۇ ئايال ئىككى مېتىر قېلىنلىقتىكى قار ئاستىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر جىددىي پەيتتە ئەنە شۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن خەتەر-دىن قۇتۇلۇپ قالغان، بىر ئادەم مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندە ئۆزى چۆكۈپ كەتكەن كۆلچەكنى تېپىشقا ئا-مالسىز قالىدۇ، ئەگەر ئۇ قېنىق رەڭلىك باش كىيىمى ياكى شارپىسىنى مۇز ئۈستىگە تاشلىۋېتەلىسە، ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن جاينى ئاسانلا بايقىۋالالايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كى-شىلەر «ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كەتكەن ئادەم»نى تاپالايدۇ.

يېقىندا تەيۋەننىڭ «ئامېرىكا جۇغراپىيىسى» قانىلىدا «شىددەتلىك دولقۇندا ھايات قېلىش» كۆرۈنۈشى كۆر-سىتىلدى.

بۇ پروگرامما باشلىنىپلا دېڭىزچىلارنىڭ: «40 گرا-دۇسلۇق پاراللېلنىڭ يۇقىرىسىدا قانۇن يوق، 50 گرا-دۇسلۇق پاراللېلنىڭ يۇقىرىسىدا خۇدا يوق» دېگەن سۆ-زى بېرىلدى. ئاندىن يەر شارىنى ئايلىنىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ شىددەتلىك دولقۇندا كېتىۋاتقان «خىرىسچى» ناملىق كىچىك يەلكەنلىك كېمە ۋە ئۇنى يالغۇز ھەيدەپ كېتىۋاتقان دوننىي بىرىم كۆرۈنىدۇ.

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاشۇ «خۇدا يوق» دەپ ئاتالغان جەنۇبىي تىنچ ئوكياندا دوننىي خە-تەرگە ئۇچرايدۇ. 12 بال قاتتىق بوران ئۇنىڭ يەلكەنلىك كېمىسىنى ئۆرۈۋېتىدۇ.

كېمە ئۆرۈلگەندە كېمىنىڭ ئىشكى دوننىينىڭ بارمە-قىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، قان بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلايدۇ، بارماقنىڭ سۆڭىكى كۆرۈنۈپلا قالىدۇ. ئاشۇنداق جىددىي پەيتتە دوننىي «قۇتقۇزۇش سىگنالى ئاپپاراتى»نى شوينا بىلەن باغلاپ كېمە دېرىزىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قو-

يىدۇ. كېمە ئاغدۇرۇلۇپ دېڭىز يۈزىدە دۈم بولۇپ قالدۇ. كېمە كابىنكىسى ئىچىدە ئازراقلا ھاۋا قالدۇ، ئۇ «دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش ئەسۋابى» غا تايىنىپ، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، قۇتقۇزۇشنى كۈتىدۇ.

ئاۋستىرالىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش سىگنالىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەر دېڭىز قىرغىقىغا 1300 كىلومېتىر كېلەتتى، ھەرقانچە تېز ماڭىدىغان پاراخوتمۇ بۇ يەرگە بىرقانچە كۈندە ئاران يېتىپ كېلەلەيتتى. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئايروپىلانلىرى بۇنداق يىراق ئارىلىققا ئۇچۇپ كېلەلمەيتتى. ئاۋستىرالىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسى دونىنىنى ھازىر ھايات قالمىدى، دەپ پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، تارىختىكى ئەڭ چوڭ قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

بەش كۈندىن كېيىن، ئۇلار «خىرىسچى» ناملىق كېمە تارقاتقان قۇتقۇزۇش سىگنالىغا ئاساسەن دۈم كۆمۈرۈلۈپ كەتكەن كېمە ۋە تېخىچە ھايات تۇرۇۋاتقان دونىنىنى تاپتى.

مەن فىلىمنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇزۇنغىچە چوڭقۇر ئويى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن خەتەرگە ئۇچراپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان ئاشۇ كىشىلەردىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكنى بايقىدىم. ئۇ بولسىمۇ ئۇلار ھەممىسى ئاشۇ جىددىي پەيتتە بىر مۇھىم نەرسىنى سىرتقا تاشلىۋەتكەن. ئۇ كىشىلەرگە: «مەن بۇ يەردە» دېگەننى بىلدۈرىدىغان بىر چاقىرىق، بىر خەۋەر.

بۇ ئىش ھەر بىر كىشىنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ۋە ھەر ۋاقىت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىشىغا ئەرزىيدۇ.

قېنى كىم بۇنداق ئىش قايسى بىر كۈنلەردە مېنىڭ بېشىمغا كەلمەيدۇ، دەپ ئېيتالايدۇ؟

لىۇ يۇڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «مىللەتلەر مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى 2002 ـ 8 ـ سانىدىن ئېلىندى.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

يېڭى يىللىق سوۋغات سۈپىتىدە بۆلۈمىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2002 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتىمىن

تېلېفون: 8997430، 4554017


# «ئارمان»نىڭ يېشىل يېمەكلىك توغرىسىدىكى ئېلان سۆزى

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى داڭدار مەھسۇلات، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمالچىلارغا نۇقتىلىق تەۋسىيە قىلىنغان مەھسۇلات، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپىتى ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلات، دېگەن شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشىپ ھەرمىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان «ئارمان» قۇۋۋەت تالقانلىرى، «ئارمان» مۇراببالىرى، «ئارمان» كەمپۈتلىرى ۋە «ئارمان» گۈلقەنتى 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىر قاتاردا «جۇڭگونىڭ يېشىل يېمەكلىكى» دېگەن ئالىي شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.

ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جەۋھەرلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېشىللىق ۋە ساپلىق تەبىئەتتىن كېلىدۇ. پەقەت ئانا تەبىئەتلا ئىنسانىيەتكە ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ ئېسىل نېمەتلەرنى ئاتا قىلالايدۇ.

شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە خام ئەشيا بازىسى قۇرۇشتا ئەنە شۇ ھېكمەتلەرنى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەننەت كەبى باغلىرى، گۈزەل تاغلىرى ۋە چەكسىز كەتكەن بىپايان يايلاقلىرىدا ماكانلىشىپ، شىنجاڭنىڭ بۇلغانمىغان تەبىئىي مەھسۇلاتلىرىدىن ياڭاق، بادام، نۇقۇت، ئۆرۈك مېغىزى، سۈت، قايماق، قىزىلگۈل، مالىنا، ھەسەل جەۋھىرى، ئالقات، كاسىن قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئارمان» ماركىلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى دۆلەتلىك يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زور تۆھپە قوشتى.

«ئارمان» ماركىلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلار خام ئەشياسىنىڭ ئېسىللىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەملىكەت بويىچە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، «جۇڭگونىڭ يېشىل يېمەكلىكى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ ئارمانلىقلارنىڭ ساپ ھەم تەبىئىي ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا كۆپ يىللاردىن بېرى سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسىدۇر. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ساغلاملىق يېمەكلىك تارىخىدىكى نۇرلۇق ئابىدە، ئىنسانىيەتكە قوشقان شانلىق تۆھپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى.



# ئىدىقۇتنىڭكى ھايات سۇلىرى ئۈزۈلمىگەي

ئۆمەرجان سىدىق

1986 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆرجەي يېزىسىدىن مىلادىيىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى قىياتاش سۈرەتلىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ، ھەيۋەتلىك، تەكشى يۈزى ئىككى ئېغىز ئۆيچىلىك كېلىدىغان قىياتاشقا ئويۇلغان بىر تاش خەرىتە بار بولۇپ، بۇ تاش خەرىتىگە ئېقىنلار، كۆللەر ۋە ئىپتىدائىي كارىزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تاش خەرىتىنى ئالىملار «قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى بۇنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ، هون ئىمپېرىيىسى دەۋرى — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەر ۋە قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋرىگىچە شەكىللەنگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىلى 5 - سان» دەپ كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنىڭ «غەربىي رايونلاردىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا «شىنجاڭدىكى كارىزلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىلا بار ئىدى» دەپ يازغان. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىدىكى «يىپەك يولىدىكى جۇڭگو كارىزلىرى» ناملىق ماقالىدە «ياپونىيە گۇگجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇنشياڭ لياڭگۇەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭگودىكى شىنجاڭ كارىزلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى، يەنى خەن ۋۇدى زامانىسىدا قېزىلىشقا باشلىغان دەپ قارىدى» دېيىلگەن. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا «كارىزچىلىق ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلار ئاھالىسىنىڭ يەر سۇغىرىشتىكى مۇھىم بىر ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ساك سارماتىن قەبىلىلىرىدە خېلى ئومۇمىي تېخنىكا ئىدى. ‹غار ئېغىزى› (كارىز) دەپ نام ئالغان ۋە ‹غارلار› تۇتاشتۇرۇلىدىغان بۇ خىل يەر ئاستى كانال سىستېمىسى گەنسۇ كارىدورىنىڭ ياۋچى ساكلار ياشىغان قىسمىدا، تۇرپاندا، ئالان قەبىلىلىرى ياشىغان كاۋكازدا ئۆزىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن» دەپ يازغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن تۇرپان كارىزلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن

2003.2

تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1980 ـ
يىلى ئامېرىكىلىق بىر ئاتاقلىق ئالىم ئۆزىنىڭ ماقالىسى-
دا: «دۇنيادا ئۈچ كەشپىيات بار، ئۇلار: مىسىردىكى
ئەلئېھرام پىرامىداسى، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى
ۋە كارىز. ئالدىنقى ئىككىسى ئۆز ۋاقتىدا تارىخىي ۋە-
زىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان، ئۇلار ھازىر ئاسارئەتىقىگە
ئايلاندى. لېكىن، ‹كارىز›دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس
قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىسى تېخى ئاياغلاشمىدى، بەلكى تا
ھازىرغىچە تۇرپان بوستانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا»-
دەپ يازغان.

كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسى-
تىنىڭ مەھسۇلى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تارىخىدىكى
بۈيۈك ئابىدە، خەلقىمىز دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە
قوشقان ئۆچمەس تۆھپە. كارىز قۇرۇلۇشى، كۈچلۈك
ئىرادە ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش
بولۇپ، چوڭقۇر سۇلۇق قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى
يەر يۈزى يانتۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ئېرىقلى-
رى ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىلىدىغان سۇ ئىن-
شائاتى سەمەرىسىدۇر. تۇرپانغا ئوخشاش ئەتراپىنى
بوغدا تېغى، تۇزتاغ، قۇمتاغ، چۆلتاغ قاتارلىق تاغلار
ئوراپ تۇرغان، يەر تۈزۈلۈشى قازانغا ئوخشايدىغان،
ھاۋاسى قۇرغاق، يەر ئاستى سۈيى كەمچىل، ھۆل ـ يې-
غىن ئاز، يەر ئاستى سۈيى مول ۋە سۇ تەركىبى ياخشى،
يەر يۈزى يانتۇلۇقى بىرقەدەر چوڭ، يەر ئاستى تۇپراق
قۇرۇلۇشى مۇستەھكەم جايلارغا باپ كېلىدۇ. ئەجدادلى-
رىمىز مۇشۇنداق يەر شارائىتىدا تەڭرىتاغ قار ـ مۇز
سۇلىرىنى ئىدىقۇت ئويمانلىقىغا قانداق باشلاپ كېلىش
ھەققىدە نۇرغۇن ئىزدەنگەن. چۈنكى شىمال تەرەپ
ئېگىز، جەنۇبقا قاراپ ماڭغانسېرى پەسلەيدىغان، يانتۇ-
لۇق پەرقى چوڭ بولغان شارائىتتا تاغ سۇلىرىنى بىۋا-
ستە باشلاپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر
تەرەپتىن ئىدىقۇت تېغى باغرىغا ھەر قايسى غوللاردىن
ئېقىپ كەلگەن تاغ سۇلىرى مول يەر ئاستى سۈيى
جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ سۇلارنى
باشلاپ چىقىشقىمۇ بىرئىلمىي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى
بولمىسا بولمايتتى. قەدىمكى دەۋردە ئىدىقۇت تېغى
باغرىدا بىر كۆجۈم بوستانلىق بار بولۇپ، بىر توپ
كىشلەر ئىناق ياشايدىكەن. ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ
تۇرغان، قۇرغاق ئويمانلىققا بۇ زېمىن ياز كۈنلىرى
باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىدىقۇت تېغىنىڭ يالقۇندەك
تەپتى دەستىدىن «ئوت ماكانى»غا ئايلىنىدىكەن. بۇ
يۇرتتا سۇ قىس بولۇپ، كىشلەر بۇلاق سۇلىرىغا تايى-
نىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. تاغ باغرىدىكى چۆللۈك-
لەردە مال بېقىپ تۇرمۇشنى قامدايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ يۇرتتىكى پادىچى بالا قويلىرىنى
ھەيدەپ شىمال تەرەپتىكى يانتاقلىققا پادا باققىلى چى-
قىپتۇ. بۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇ قا-
پاقتىكى سۈيىنى بالدۇرلا ئىچىپ تۈگىتىپتۇ ۋە كۆپ
ئۆتمەيلا تەشنالىق ئازابى ئۇنى يەنە قىيناشقا باشلاپتۇ.
پادىچى بالا يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇر-
غان تەڭرىتاغ چوققىلىرىغا، ئاسماندا ئوت پۈركۈپ مىس
لىگەندەك ساڭگىلاپ تۇرغان ھارارەتلىك قۇيۇشقا، ئال-
ۋۇنلار جىمىرلاپ تۇرغان پايانسىز دالىغا قاراپ نېمە
قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپ،
قولىدىكى پادىچى تايىقى بىلەن ئايىغى ئاستىدىكى قۇمە-
ساڭغۇ تۇپراقنى كولاشقا باشلاپتۇ. تۇپراق كولانغانچە
نەم تۇپا چىقىپتۇ. بالا بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ھېرىپ ـ
چارچىغىنىغا قارىماي، توختىماي كولاۋېرىپتۇ ۋە ھېرىپ
كېتىپ، ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم ئارام ئاپتۇ. ئۇ دېمىنى
ئېلىۋېلىپ، شۇنداق قارىغانىكەن، ئۆزى كولىغان كۆل-
چەكتە بىر ئوچۇم سۈپسۈزۈك سۇنىڭ قۇياش نۇرىدا
جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن
ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ تەشنالىقىنى
قاندۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى يۇرت ئاقساقىلى بەردەم
يىگىتتىن ئون نەچچىنى باشلاپ، كەتمەن ـ گۈرجەكلە-
رنى ئېلىشىپ، پادىچى بالا كۆلچەك كولىغان يەرگە
كەپتۇ. بۇ كۈنى بۇ كۆلچەكتە تېخىمۇ كۆپ سۇ يىغىلىپ
قالغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالغان ھەم خۇ-
شال بولغان يىگىتلەر ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا كۆلچەكنى
يەنە بىر ئاز كولاپ، ئېرىق چاپقانىكەن، ئېرىقتا كەتمەن
سىپىدەك سۇ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان
يىگىتلەر ئېرىقنى يۇقىرىسىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئېرىق يە-

نمۇ چوڭقۇرلاپ، قازىدىغان توپا مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇلار ئېرىق قېزىشتىن تەشمە قېزىشقا ئۆتۈپتۇ. تەشمە تېشىلىپ مەلۇم جايغا بارغاندا لاي چىقىرىش، هاۋا ئۆتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى هەل قىلىش ئۈچۈن تەشمە ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بوپتۇ. كېيىنچە باشقا قارىتىپ ئۇزارتىلىپ، قۇدۇق سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ، كۆپ قۇدۇقلۇق كارىزلار مەيدانغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كارىزلار ئىدىقۇت ئاتىنىڭ سېھىرلىك تېنىدىكى تومۇرلارغا ئوخشاش بۇ زېمىننىڭ هەممە يېرىگە تۇتىشىپ، بۇ تۇپراقنى سۈيى بىلەن ياشارتىپ كەپتۇ. ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى بۇ زېمىننى غايەت زور هاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ، بۇ يۇرتنى ئۈزۈم ماكانىغا، مەدەنىيەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ زېمىندىكى كىشىلەر دائىم كارىز چاپىدىغان، كارىزلارنىڭ لېيىنى تارتىپ، سۈيىنى ئۇلغايتىدىغان، بېشىغا ئۇزارتىپ چېپىپ، هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، كارىز سۈيىنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىدىغان بوپتۇ.

كارىز چېپىشتا ئالدى بىلەن پىششىقەدەم كارىزچىلار كەڭ دالىغا چىقىپ، كارىزنى قايسى يۆنىلىشتە چېپىشنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن كارىز چاپماقچى بولغان دائىرىنى تەكشۈرۈپ، كارىزلارنىڭ سۇ قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، دەريا، كۆل قاتارلىق يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنىڭ يىراق- يېقىنلىقى ۋە يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەهۋالى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن شۇ جاينىڭ يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مۆلچەرلىنىپ، كارىزنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى بەلگىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇلۇق قاتلامنى تېپىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يۆنىلىش بويىچە ئۈچ قۇدۇق چېپىلىپ، يىغىلغان سۇ كۆزىتىلىدۇ. سۇلۇق قاتلام مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ قۇدۇق چېپىشقا باشلىنىدۇ. قۇدۇقلار تەشمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاياغ قۇدۇققا بارغاندىن كېيىن تىلما چېپىلىدۇ. سۇ يولىنى تاپقاندىن كېيىن باشقا قاراپ قۇدۇق چېپىلىپ، تەشمە تېشىلىپ، كارىز ئۈستىگە قاراپ ئۇزارتىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بىر تەرەپتىن قۇدۇق چېپىپ، بىر تەرەپتىن تەشمە تېشىپ، يۇقىرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە سۇ مىقدارى كۆپىيىپ كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەندە قېزىش توختىتىلىدۇ. كارىز ئادەتتە قۇدۇق، تەشمە، تىلمىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، قۇدۇق تەشمىدىن قېزىلغان توپا ۋە لايلارنى ئۈستىگە چىقىرىش، تەشمىگە يورۇقلۇق ۋە هاۋا يەتكۈزۈپ بېرىش، كارىزچىلارنىڭ تەشمىگە چىقىپ- چۈشۈشى، تەشمىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. تەشمە كارىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يىغىش ۋە يەر ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. تىلما بولسا، تەشمە بىلەن كۆلنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قۇدۇق چېپىشتا بىر كىشى چېپىشقا، بىر كىشى چېپىلىپ چىققان توپىنى غالتەك بىلەن ئارغامچىدا تارتىشقا، يەنە بىر كىشى توپىنى تۆكۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. غالتەك كارىزچىلار قۇدۇققا چۈشۈپ- چىقىش ۋە توپا بىلەن لايىنى تارتىپ قۇدۇق ئاغزىغا چىقىرىشتا مۇهىم رول ئوينايدۇ. تەشمە چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، لىنىيىسى ئۇزۇن، يورۇقلۇق چۈشىدىغان جايى ۋە هاۋا كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى يوق، قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئىش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولىدۇ. رېزىنكە ئۆتۈك، مەخسۇس كارىزچىلار كىيىدىغان رېزىنكە كىيىم (بۇرۇن بۇنداق كىيىملەرمۇ يوق ئىدى ئەلۋەتتە) كىيگەن كارىزچىلار قاراڭغۇ يەر ئاستىدا كارىز چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، خۇددى سۇغۇرغا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرۈپ تەشمە تېشىدۇ. ئەتراپ چىلىق- چىلىق سۇ، تۆت ئەتراپتىن سۇ چاچراپ تۇرغان، بەزىدە ئۈستىدىنمۇ يامغۇردەك سۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان شارائىتتا، كارىزچىلار گاهىدا پاتقاق ئىچىدە ئۆمىلەپ، گاهىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، هۆلچىلىككە، قاتتىق سوغۇققا، قاراڭغۇ، جاپالىق ئىش مۇهىتىغا تاقابىل تۇرۇپ توپا قازىدۇ. بەزىدە تەشمە يولىغا قۇرام تاشلار، هەرخىل قاتتىق جىنىسلار ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، تەشمە تېشىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى نەچچە هەسسە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سوغۇق، نەم مۇهىتتا سائەتلەپ، كۈنلەپ ئىشلىگەن كارىزچىلار كارىزنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تومۇز ئىسسىقتىمۇ

جالاقلاپ تىترەپ، يوتقانغا مەھكەم ئورىنىپ يېتىشقا
مەجبۇر بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەرقانداق زامانىۋى ئۆلچەش
ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىتتا تەشنىنىڭ يۆنىلىشى بە-
لەن يانتۇلۇقنى بەلگىلەش ئىنتايىن قىيىن. ئەمگەك
سۆيەر خەلقىمىز ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا كارىز چې-
پىشنىڭ، جۈملىدىن تەشنە تېشىشنىڭ نۇرغۇن ئىلغار
ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. ئۇلار قۇدۇقنىڭ بېشىدىكى غال-
تەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەشنە ئىچىگە تاش ئېسىلغان
ئىككى تال تانا ساڭگىلىتىش، بۇ ئىككى تال تانا بىلەن
كارىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەلۇم نىشانىنى نۇقتا قىلىپ،
تانا بىلەن نىشانىنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلتۈرۈش،
كارىز چىرىغىغا ئاساسەن يۆنىلىشنى بەلگىلەش قاتارلىق
ئۇسۇللار بىلەن تەشنىنىڭ تۈزلىكىنى، سۇنىڭ ئېقىش
يانتۇلۇقىنى بەلگىلەپ ماڭغان. ئادەتتە قىسقىراق كارىز-
لاردا 70 ـــ 80 قۇدۇق، ئۇزۇن كارىزلاردا 200 ـــ 300
قۇدۇق بولىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى كارىزنىڭ
ئاياغ تەرىپىدە 20 مېتىر، يۇقىرىسىدا 60 ـــ 70 مېتىر
ئەتراپىدا بولىدۇ. تەشنە كەسمە يۈزىنىڭ شەكلى ئات
تاقىسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 ـ 1.7 مېتىر،
كەڭلىكى 0.6 ـ 0.7 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن 20 يىللار ئىلگىرىلا يازنىڭ تومۇز كۈن-
لىرىدە ئىدىقۇت دىيارىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەرگە كەل-
سىڭىز مۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرەتتىڭىز: مەھەللىنىڭ
باش تەرىپىدە ياكى مەركىزىدە بىر كارىز بولۇپ، سۈپ-
سۈزۈك سۈيى تەشنىدىن ئويناقشىپ ئېقىپ چىقىپ،
كۆلگە قۇيۇلۇپ تۇرغان بولاتتى. تىلمىنىڭ ئىككى يېقى
ۋە كۆلنىڭ ئەتراپى بۈك ـ باراقسان قارىياغاچ، سۆگەت،
تېرەكلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، تىلمىنىڭ ئاياغ تە-
رىپىدە، كۆلنىڭ بويىدا بىر مۇنچە قىز ـ جۇۋانلار كۆل-
كە ـ چاقچاقلار بىلەن كىر يۇيۇۋاتقان، كۆلدە بىر ـ
بىرىدىن ئوماق سەبىي باللار قىقاس ـ چۇقان بىلەن
سۇ چۆمۈلۈۋاتقان، تىلما ئاغزىدا ئەپكەش كۆتۈرگەن
زىبا قىزلار چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقان بولاتتى. تىلمە-
نىڭ سەل ئىچى، تەشنىنىڭ ئىككى يېقى تۈزلىنىپ، تار
ئۇزۇنچاق مەيدان ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە
ئىسسىقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن چىققان موىيسىپىتلار ئە-



دىياللارنى سېلىشىپ، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن پا-
راڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. قىسقىسى، كارىز بويلىرى ياز
كۈنلىرى سالقىن ھاۋاغا، جۇشقۇن ھايات قاينىمىغا تو-
لۇپ، پۈتۈن بىر مەھەللىنىڭ ھايات مەركىزىگە ئايلە-
ناتتى. تومۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ، ھېرىپ كەتكەن يولۇچى
كارىز بېشىغا كېلىپ، مېھرى ئىسسىق، يۈزى تۆۋەن
سەھرا قىزى سۇنغان چۆمۈچتىكى مۇزدەك سوغۇق،
سۈزۈك ۋە تەملىك كارىز سۈيىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچكە-
نىدە، پۈتۈن ھارغىنلىقى چىقىپ كەتكەندەك بولاتتى.
لېكىن، ھازىر كارىزلار قۇرۇپ، سۈيى تارتىلىپ «ھا-
يات» كارىزلار بارغانچە ئازىيىپ، بۇنداق مەنزىرىلەرنى
ناھايىتى ئاز ساندىكى مەھەللىلەردىلا ئۇچراتقىلى بول-
دىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ھازىرمۇ ئىدىقۇت دىيارىغا
قەدەم باسسىڭىز، يولنىڭ ئىككى يېنىدا رەتلىك، ئۇزاققا
سوزۇلغان، خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مونچاقتەك

ئوخشاش زومچەك ـ زومچەك جايلاشقان توپا دۆۋىلە-
رىنى كۆرىسىز. مانا بۇ كارىز قۇدۇقىدىن چىققان كارىز
توپىلىرى بولۇپ، كارىزلار ئىدىقۇت دىيارىنىڭ ھەممە
يېقىغا يۇلتۇزغا ئوخشاش تارالغان. كۆجۈم مەھەللىلەرگە
كىرسىڭىز يەنە ئەترابى بۆك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخ-
لەر بىلەن ئورالغان غايەت زور ئۆڭكۆرگە ئوخشاش
قاپقاراڭغۇ بىر ئېغىزدىن سۈپسۈزۈك سۇنىڭ ئېقىپ چى-
قىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ ساپ ـ سالقىن ھاۋاغا، يې-
شىللىققا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرىسىز. مانا بۇ تاغ باغرى-
لىرىدىن باشلاپ، ئەشمە تېشىلىپ نەچچە ئون كىلومېتىر
ئارىلىقنى بېسىپ ئېقىپ كەلگەن كارىز سۈيىنىڭ چىقىش
ئېغىزى بولۇپ، بۇيەر شۇ مەھەللىنىڭ ئەڭ جۇشقۇن
پائالىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا كارىز زېمىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، پەقەت كارىز بولغاچقىلا، كارىزلارنىڭ زېمىننى ياشارتقۇچى سۈزۈك سۈيى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۇلىنىپ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغاچقىلا ئىدىقۇت دىيارىنىڭ گۈزەل، پاراۋان، باغۇ بوستانلىق، تەرەققىي قىلغان بۈگۈنى بولالىغان. ئەسىرلەردىن بۇيان كارىزنى مەركەز قىلغان ھالدا تالاي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن، كارىز ئىدىقۇت خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. كارىز بويلىرى تارىختىن بۇيان تالاي ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارامگاھى، قەھرىمانلارنىڭ جەسۇرلۇق مەيدانى، مۇيەسسەر بوۋايلارنىڭ ياشلارغا ئېتىقاد، غۇرۇر تەربىيىسى بېرىشنى مەقسەت قىلغان مەشرەپ سورۇنى، باللارنىڭ غەرەزسىز ئويۇن ـ تاماشىلىرىدىكى گۈزەل جەننىتى، خانىم ـ قىزلارنىڭ پاكىزلىق، پاكلىق، قىزغىن سۆھبەتگاھى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا كارىزغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن گۈزەل رىۋايەت، قىسسىلەر، ناخشا ـ قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن يەر، جاي ناملىرى كارىزلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، كارىزلارنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىدىن ـ يېڭى بوستانلىقلار، ئېكىنلىكلەر، مەھەللىلەر شەكىللەنگەن. شۇڭا، كارىز ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى ھەم ئانتروپولوگىيىلىك، گىدرولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ساياھەت بايلىقى بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى، تارىخىي قىممىتىنى، ساياھەتچىلىكتىكى مۇھىم ئورنىنى يەنىمۇ جەۋلان قىلىپ كەلمەكتە. كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرمۇ ياش ئەۋلادلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىپتىخارلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سۇ ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ كۆتسىرى تۆۋەنلىشى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ توختاۋسىز قېزىلىشى، سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپلەپ ياسىلىپ، يەر ئاستىغا سىڭىدىغان سۇ مەنبەسنىڭ ئۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە كارىزلارنىڭ سۈيى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن قۇرۇپ، كارىزلار پەقەت ئاسار ـ ئەتىقىگە ئايلىنىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالماقتا. 1957 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ سانى 1237 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. شۇڭا، كارىز جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش بولغان سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ ـ خاڭجۇ قانىلىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىرلىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇساپىسى بەلەن تەڭلىشىپ قالغانىدى. لېكىن يېقىنقى 50 يىلدا كارىزلارنىڭ سۈيى توختاپ قېلىش سۈرئىتى 30 پىرسەنتكە يېتىپ، 53 پىرسەنت كارىزنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەن. 1987 ـ يىلى تۇرپاندىكى سۈيى بار كارىزلار 824كە، 1990 ـ يىلى 725كە، 2000 ـ يىلى 446گە چۈشۈپ قالغان.

كارىز سۈيى ئۈستى يېپىق قۇدۇقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان بولغاچقا، تومۇز ئىسسىقتىمۇ پارغا ئايلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا تۇرپانغا ئوخشاش ھاۋا كېلىماتى ئىسسىق جايلارغا ئىنتايىن باپ كېلىدۇ. كارىز سۈيىنىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيىگە قارىغاندا ئەۋزەللىكى كۆپ بولۇپ، كارىز سۈيى يىراقلاردىن، مۇقەددەس تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان ھەم ئەشمە ئىچىدە ئاقىدىغان، ھەم قۇدۇقلاردىن قۇياش نۇرى چۈشىدىغان «ئەركەك

سۇ»بولغاچقا پاكىز، سۈزۈك، سوغۇق ۋە ساپ بولۇپ، تەركىبىدە مىنېرال ماددىلارمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان يەرلەر ئاسان ئۇسسىمايدۇ، شورلاشمايدۇ، ئادەم ئىچسىمۇ قورساقنى كۆپتۈرمەيدۇ، ئادەمگە ئاجايىپ راھەت بېغىشلايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن غايەت زور ئېلېكتر توكى سەرپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ سۇنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولىدۇ، دېھقانلارغا زور بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. كارىزنى بولسا بىر مەبلەغ سېلىپ كولاپلا قويسا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تىنقىلمىلارنى ئېلىۋەتسىلا سۈيى ئۈزلۈكسىز ئېقىپ چىقىۋېرىدۇ. يەنە ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى سۇ پومپىسى ئارقىلىق يەر ئاستىكى سۇنى مەجبۇرىي تارتىپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ خورىشى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ، كارىز سۈيى بولسا ئۈزلۈكسىز سىرغىپ ئېقىپ چىقىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيى ئۇدۇللۇق تولۇقلىنىپ، ئانچە زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كارىز سۈيى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك تاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ چىقىدغان سۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. كارىز خەلقىمىز ياراتقان ئۈستى ئوچۇق مۇزېي، تىرىك تارىخ بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، دېھقانچىلىق، سۇچىلىق ئىگىلىكىمىزنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا، ياش ئەۋلادلارغا ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىشتە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، باتۇر خاراكتېرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كارىزلار شىددەت بىلەن قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرى كارىزلارنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1989 ـ يىلى شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارمىقىمۇ مۇھىم قوغداش قىممىتىگە ئىگە بولغان كارىزنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ يىل ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايون نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارىزلارنى ئومۇميۈزلۈك قوغداش قارارىنى ماقۇللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بۇ ئىشنى خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، كارىزلارنى تەكشۈرۈش، قوغداشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈپ، دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. نۆۋەتتە، كارىزلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئېھتىياجلىق بولغان 300 مىڭ يۈەن پۇل ئەمەلىيلىشىپ، كارىزلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدە سۈيى ئۇلۇغ ئىككى چوڭ كارىزنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان كارىز سەيلىگاھى بىلەن كارىز مۇزېيى ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا، دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار كارىز تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا، كارىز سۈيىدىن مىنېرال سۇ ئىشلىنىپ، كارىز سۈيى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنماقتا. مەيلى ئۆتكەن تارىخقا نەزەر سالايلى ياكى رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى، بۇلاردىن بىر مۇھىم نۇقتىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، «كارىز»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس قۇرۇلۇش ئىدىقۇت دىيارىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس سىمۋولى! يارغۇل، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەرلىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئىچىدە ۋەيران بولدى، ئۇلاردىن بىزگە پەقەت ئازراق ئىزنالا قالدى. لېكىن، كارىز ئابىھايات سۇلىرى بىلەن ئىدىقۇت بوستانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا!

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. نىياز كېرىمى: «تۇرپان كارىزلىرى»، «سۇ ئىشلىرى ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل 2 ـ سان.

2. ھەمىت نىياز: «كارىز ئاتا»، «تۇرپان گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىللىق 12 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى

(ئاپتور «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# دىيانەت




ياپونىيىدە ئىلاھىيەتچىلىككە دائىر مۇنداق بىر داڭلىق ھېكايە بار:

بىر كۈنى پىر ئۇستاز تەن شەن بىر دىنداش بۇرادىرى بىلەن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ياتقاقلىقتا بىللە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن. ئۇلار يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە يېپەك كىيىم كىيگەن چىرايلىق بىر چوكان-نىڭ يولدا ناھايىتى تەسلىكتە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

—قىزىم كېلىڭ، مەن سىزنى ئۆتكۈزۈپ قوياي! — تەن شەن شۇنداق دەپ چوكاننى پاتقاق يولدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئۇستازنىڭ ھەمراھى ئۈندىمەپتۇ. ئەمما، قاراڭغۇ چۈشۈپ قونالغۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇستازنىڭ ھەمراھى ئۆزىنى زادىلا باسالماي تەن شەنگە:

—بىز راھىبلارنىڭ ئايال زاتىغا، بولۇپمۇ ياش، گۈزەل ئاياللارغا يېقىن-لاشمايدىغانلىقىمىز ھەممىگە ئايان، چۈنكى ئۇ ناھايىتى بولمىغۇر ئىش. ئەمما سىز نېمىشقا ئەتەي شۇنداق قىلىسىز؟ — دېدى.

—نېمە؟ قايسى گۈزەل، ياش ئايال ئىكەن ئۇ؟ — تەن شەن بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، — مەن ئۇنى شۇ چاغدىلا يەرگە قويۇپ قويدۇمغۇ؟ لېكىن سىز ھا-زىرغىچە ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتەل-مەپسىز!

تەن شەن پاك ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ گۈزەل، ياش چوكاننى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ پاتقاقلىق يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئاسانلا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارغا ياردەم بېرىشلا بولۇپ، قىلچە يامان نىيەت يوق ئىدى.

ياڭ جېن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق پاك ئەمەلدار ئىدى. ئۇ جىڭجۇغا ۋالىي بولغان ۋاقىتتا ۋاڭ مىنىڭ ناھايىتى ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇڭا، ئورنىغا ئۇنى چاڭيى ناھە-يىسىنىڭ ئامبىلى قىلىشقا كۆرسەتتى. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، ياڭ جېننىڭ ئورنى يۆتكىلىپ، چاڭيى ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە ۋاڭ مى شەھەر سىرتىغا چىقىپ شەپقەتچىسىنى قارشى ئېلىپ، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇنى ناھايىتى ئوبدان كۈتتى.

كەچتە، ۋاڭ مى ياڭ جېننىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى. ئۇ ئۆيدە باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرھال قوينىدىن ئالتۇن ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە:

—شەپقەتچىمىنىڭ مۇبارەك قەدىمى بۇ يەرگە يېتىپتۇ، شەپقەتچىمىنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر سوۋغا تەييارلىغا-نىدىم، - دېدى.

—بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ياڭ جېن بۇ ئەھ-ۋالنى كۆرۈپ ئارقا - ئارقىدىن قولىنى سىلكىپ، —ئىلگىرى مەن سىزنىڭ ھەقىقىي تالانتلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سىزنى مۇشۇنداق مۇھىم ئەمەلگە قويۇشقا كۆرسەتكەنمەن. سىزنىڭ ھازىر مۇنداق قىلىشىڭىز مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى زادىلا چۈشەنمىگەنلىكتىن بولغان.

ۋاڭ مى دەككىسىنى يېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نىيىتىدىن يانماي:

—ھازىر دېگەن كېچە، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىغۇ، — دېدى.

ياڭ جېن تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ:

—سىز ماڭا ئالتۇن سوۋغا قىلسىڭىز باشقىلار بۇنى بىلمەي قالارمۇ؟ بۇنى باشقىلار كۆرمىدى دېگەندىمۇ، تەڭرى بىلىدۇ، سىز بىلىسىز، مەن بىلە-مەن ئەمەسمۇ؟! باشقىلار بىلمەيدىغۇ دەپ ئۆزىنى كەچۈرۈش ئىنتايىن يامان ئىش، - دېدى.

ياڭ جېن دىيانەتلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ ھېچقانداق گۇۋاھچى بولمىغان شارائىتتىمۇ پارىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى پاك تۇتتى.

دىيانەتلىك بولۇش ئىشەنچ، ۋىجدان سوتى چىقارغان ئادىل ھۆكۈم؛

دىيانەتلىك بولۇش سەمىمىيلىك، باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالدىماسلىق؛

دىيانەتلىك بولۇش ئۆزى ئۆزىنى سوراش، ۋىجدان ئۆزىنى سوراشنىڭ مىزانى، ئاسمان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىلەن، ئادەم ۋىجدانى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

دىيانەتلىك بولۇش قەتئىيلىك، دى-يانەتلىك، ۋىجدانلىق بولۇشتۇر. شۇن-داق بولغاندىلا ئاندىن ئىنسان ھەر قانداق بوران - چاپقۇندىمۇ تەۋرىمەي مەردانە تۇرالايدۇ.

دىيانەتلىك بولۇش خاتىرجەملىك-تۇر، دىيانەتلىك بولغان ئادەمنىڭ يې-گىنى ئاغزىغا تېتىيدۇ، ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئۇخلايدۇ، ئادەم ۋىجدانسىزلىق قىلمى-سا، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ.

دىيانەتلىك بولۇش بىر خىل ھۇزۇر، بىر خىل ئەركىنلىك. دىيانەتلىك بولغاندا باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراشقا مەجبۇر بولمايدىغان گەپ، دىيانەتلىك بولغاندا ياخشى نام مەڭگۈ قالىدۇ.

دىيانەتلىك بولۇش بىر مەنزىل، دىيانەتلىك بولغاندىلا پايدا - زىيان بە-لەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولغىلى بولىدۇ، دىيانەتلىك بولغاندا ھەر قانداق بوران - چاپقۇندىمۇ خاتىرجەم، تەشۋىشسىز بولغىلى بولىدۇ.

دىيانەتلىك ھايات دىيانەتلىك گۈزەل ھاياتنىڭ ئۇل تېشى. ھەمىشە قەتئىي ھالدا دىيانەتلىك بولغاندىلا، داۋاملىق تۈردە ئالىيجانابلىققا قاراپ ماڭغىلى بولىدۇ.

جياڭ گۇاڭيۈي ئىمزالىق بۇ ئەسەر «مىللەتلەر مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ژۇرنى-لىنىڭ 9 - سانىدىن ئېلىندى.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

Arman®

阿尔曼

# ARMAN®

## ئاتا - ئانىمىز تېخىمۇ كۆپ كۆيۈنۈشكە مۇھتاج!

ئارمان چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنى ـ شىنجاڭنىڭ يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان ياڭاق، بادام، نوقۇت، مېغىز، سۈت قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق زامانىۋى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئىشلەنگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى يېمەكلىك.

ئارمان چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنىنىڭ تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ئۆسۈملۈك ئاقسىلى، يېرىك ماي، يېرىك تالا، لىنول كىسلاتاسى، كالتسىي، زىنىك، فوسفور، تۆمۈر، ماگنىي ۋە ۋىتامىن B1، B2، PP، C، E قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ، ئورگانىزملارنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئالىي يېمەكلىك. ئارمان چوڭلار قۇۋۋەت تالقىنى بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان، بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان، قان بېسىم، قان قويۇلۇش، دىئابىت (قەن سىيىش)، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ غىزالىنىشىدىكى تەبىئىي دورىلىق ۋە ساغلاملىق يېمەكلىكىدۇر.

